بسم الله الرحمن الرحيم

## ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن

# دىنىي ۋە مىللىي تەلىم - تەربىيە پروگراممىسى


**تۈزگۈچىلەر:**

دوكتور مۇھەممەد ئەلى
ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر
مۇھەممەد يۈسۈپ
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
مۆمىنجان سىدىق
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
مۇھەممەد ئىمىن ھاجىم



**شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى**

# ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن

# دىنىي ۋە مىللىي تەلىم - تەربىيە پىروگراممىسى

تۈزگۈچىلەر:

دوكتور مۇھەممەد ئەلى
ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر
مۇھەممەد يۈسۈپ
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
مۆمىنجان سىدىق
ئابدۇلئەھەد ئۈجات
مۇھەممەد ئىمىن ھاجىم

2018 - يىل سېنتەبىر
بىرىنچى نەشرى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى
ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ 009

بىرىنچى باب: ئۆسمۈرلەر باسقۇچى ........ 015

بىرىنچى دەرس: قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەر ........ 016

ئىككىنچى دەرس: ھەدىس شەرىپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەر ........ 018

ئۈچىنچى دەرس: ئىسلام ئەقىدىسى ........ 020

تۆتىنچى دەرس: شەرىئەت ئەھكاملىرى ........ 020

بەشىنچى دەرس: پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمھالى ........ 021

ئالتىنچى دەرس: ئېقىم ۋە پىرقىلەر ........ 022

يەتتىنچى دەرس: ئىسلام تارىخى ........ 023

سەككىزىنچى دەرس: دەۋەت چۈشەنچىسى ........ 025

توققۇزىنچى دەرس: تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرى ........ 025

ئونىنچى دەرس: ئىسلامىي پىكىر ........ 026

ئون بىرىنچى دەرس: ئۇيغۇر تىل – ئەدەبىياتى ........ 027

ئون ئىككىنچى دەرس: ئاخبارات ئېڭى ........ 028

ئون ئۈچىنچى دەرس: ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاش ئەمەلىي پىروگراممىسى ........ 029

ئون تۆتىنچى دەرس: گۈزەل ئەخلاقنى ئەمەلىي ئۆزلەشتۈرۈش پىروگراممىسى ........ 030

ئون بەشىنچى دەرس: ئاممۋى پائالىيەت پىروگراممىلىرى ........ 032

## ئىككىنچى باب: ياشلار باسقۇچى ............ 033

بىرىنچى دەرس: قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەر ............ 034

ئىككىنچى دەرس: ھەدىس شەرىپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەر ............ 036

ئۈچىنچى دەرس: ئىسلام ئەقىدىسى ............ 037

تۆتىنچى دەرس: شەرىئەت ئەھكاملىرى ............ 038

بەشىنچى دەرس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ

تەرجىمىھالى ............ 039

ئالتىنچى دەرس: ئىسلامىي ئېقىملار ............ 040

يەتتىنچى دەرس: ئىسلام تارىخى ............ 041

سەككىزىنچى دەرس: دەۋەت چۈشەنچىسى ............ 042

توققۇزىنچى دەرس: تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرى ............ 043

ئونىنچى دەرس: ئىسلامىي ئاڭ – پىكىر يېتىلدۈرۈش ............ 043

ئون بىرىنچى دەرس: سىياسىي ئاڭ يېتىلدۈرۈش ............ 044

ئون ئىككىنچى دەرس: ئۇيغۇر تىل – ئەدەبىياتى ............ 044

ئون ئۈچىنچى دەرس: ئاخبارات ئېڭى يېتىلدۈرۈش ............ 045

ئون تۆتىنچى دەرس: ئىبادەتلەرنى توغرا ئادا قىلىش ئەمەلىي پىروگراممىسى ............ 046

ئون بەشىنچى دەرس: گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈش پىروگراممىسى ............ 047

ئون ئالتىنچى دەرس: ئەمەلىي پائالىيەت پىروگراممىسى ............ 050

## ئۈچىنچى باب: تەييارلىق باسقۇچى ............ 052

بىرىنچى دەرس: قۇرئان كەرىم ۋە قۇرئانغا ئالاقىدار بىلىملەر ............ 053

ئىككىنچى دەرس: ھەدىس شەرىپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەر ............ 055

ئۈچىنچى دەرس: ئىسلام ئەقىدىسى ........ 055
تۆتىنچى دەرس: شەرىئەت ئەھكاملىرى ........ 056
بەشىنچى دەرس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ
تەرجىمىھالى ........ 057
ئالتىنچى دەرس: ئىسلامىي ئېقىملار ........ 058
يەتتىنچى دەرس: ئىسلام تارىخى ........ 059
سەككىزىنچى دەرس: دەۋەت چۈشەنچىسى ........ 059
توققۇزىنچى دەرس: تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرى ........ 060
ئونىنچى دەرس: ئىسلامىي ئاڭ – پىكىر يېتىلدۈرۈش ........ 060
ئون بىرىنچى دەرس: سىياسىي ئاڭ يېتىلدۈرۈش ........ 061
ئون ئىككىنچى دەرس: ئۇيغۇر تىل – ئەدەبىياتى ........ 062
ئون ئۈچىنچى دەرس: ئاخبارات ئېڭى يېتىلدۈرۈش ........ 062
ئون تۆتىنچى دەرس :ئىبادەتلەرنى توغرا ئادا قىلىش ئەمەلىي پىروگراممىسى ........ 062
ئون بەشىنچى دەرس: گۈزەل ئەخلاق ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلىي پىروگراممىسى ........ 063
ئون ئالتىنچى دەرس: ئەمەلىي پائالىيەت پىروگراممىلىرى ........ 067
**تۆتىنچى باب: تەشكىللەش باسقۇچى ........ 068**
بىرىنچى دەرس: قۇرئان كەرىم ۋە قۇرئانغا ئالاقىدار بىلىملەر ........ 069
ئىككىنچى دەرس: ھەدىس شەرىپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەر ........ 071
ئۈچىنچى دەرس: ئىسلام ئەقىدىسى ........ 072
تۆتىنچى دەرس: ئەھكام ۋە فىقھى ئۇسۇلى ........ 073
بەشىنچى دەرس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە سالىھلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى ........ 074

ئالتىنچى دەرس: مۇسۇلمان جامائەتلەر ........ 076
يەتتىنچى دەرس: ئىسلام تارىخى ........ 077
سەككىزىنچى دەرس: دەۋەت چۈشەنچىسى ........ 078
توققۇزىنچى دەرس: تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرى ........ 079
ئونىنچى دەرس: ئىسلامىي ئاڭ – پىكىر يېتىلدۈرۈش ........ 080
ئون بىرىنچى دەرس: سىياسىي ئاڭ يېتىلدۈرۈش ........ 081
ئون ئىككىنچى دەرس: كەلگۈسى ئىستراتېگىيە ........ 081
ئون ئۈچىنچى دەرس: ئاخبارات ئېڭى يېتىلدۈرۈش ........ 082
ئون تۆتىنچى دەرس: ئىبادەتلەرنى توغرا ئادا قىلىشنىڭ ئەمەلىي پىروگراممىسى ........ 082
ئون بەشىنچى دەرس: گۈزەل ئەخلاق ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلىي پىروگراممىسى ........ 083
ئون ئالتىنچى دەرس: ئەمەلىي پائالىيەت پىروگراممىلىرى ........ 086
بەشىنچى باب: دەۋەتچى يېتىلدۈرۈش باسقۇچى ........ 088
بىرىنچى دەرس: قۇرئان كەرىم ۋە قۇرئانغا ئالاقىدار بىلىملەر ........ 089
ئىككىنچى دەرس: ھەدىس شەرىپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەر ........ 090
ئۈچىنچى دەرس: ئىسلام ئەقىدىسى ........ 091
تۆتىنچى دەرس: ئەھكام ۋە فىقھى ئۇسۇلى ........ 092
بەشىنچى دەرس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ
تەرجىمىھالى ........ 093
ئالتىنچى دەرس: ئىسلامىي ئېقىملار ........ 095
يەتتىنچى دەرس: تارىخ ........ 096
سەككىزىنچى دەرس: دەۋەت چۈشەنچىسى ........ 097

توققۇزىنچى دەرس: تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرى ........ 098
ئونىنچى دەرس: پىكرى ئاڭ يېتىلدۈرۈش ........ 099
ئون بىرىنچى دەرس: سىياسىي ئاڭ يېتىلدۈرۈش ........ 100
ئون ئىككىنچى دەرس: كەلگۈسى ئىستىراتىگىيە ........ 101
ئون ئۈچىنچى دەرس: ئاخبارات ئېڭى يېتىلدۈرۈش ........ 101
ئون تۆتىنچى دەرس: ئىبادەتلەرنى توغرا ئادا قىلىش ئەمەلىي پىروگراممىسى ........ 102
ئون بەشىنچى دەرس: گۈزەل ئەخلاق ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلىي پىروگراممىسى ........ 103
ئون ئالتىنچى دەرس: ئەمەلىي پائالىيەت پىروگراممىلىرى ........ 107

## ئالتىنچى باب: يېتەكچى ئۇستاز يېتىلدۈرۈش باسقۇچى ........ 108

بىرىنچى دەرس: قۇرئان كەرىم ۋە قۇرئانغا ئالاقىدار بىلىملەر ........ 109
ئىككىنچى دەرس: ھەدىس شەرىپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەر ........ 110
ئۈچىنچى دەرس: ئەقىدە ........ 111
تۆتىنچى دەرس: شەرئەت ئەھكاملىرى ........ 111
بەشىنچى دەرس: ئىسلاھاتچىلار تارىخى ........ 112
ئالتىنچى دەرس: ئىسلامىي مۇئەسسەسەلەر ........ 113
يەتتىنچى دەرس: تارىخ ئېڭى يېتىلدۈرۈش ........ 113
سەككىزىنچى دەرس: دەۋەت چۈشەنچىسى ........ 115
توققۇزىنچى دەرس: تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرى ........ 115
ئونىنچى دەرس: پىكرى ئاڭ يېتىلدۈرۈش ........ 116
ئون بىرىنچى دەرس: سىياسىي ئاڭ يېتىلدۈرۈش ........ 117
ئون ئىككىنچى دەرس: كەلگۈسى ئىستىراتېگىيىسى ........ 118

**ئون ئۈچىنچى دەرس: ئاخبارات ئىگىسى يېتىلدۈرۈش** ............................................ 118
**ئون تۆتىنچى دەرس: ئىبادەتلەرنى توغرا ئادا قىلىش ئەمەلىي پىروگراممىسى** ........ 119
**ئون بەشىنچى دەرس: گۈزەل ئەخلاق ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلىي پىروگراممىسى** ........ 120
**ئون ئالتىنچى دەرس: ئەمەلىي پائالىيەت پىروگراممىلىرى** .................................. 123

بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

بارچە مەدھىيە ۋە ئەڭ مۇكەممەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇنى ماختايمەن. ھەق دىنىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن، ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۈلگىسى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن ساھابىلىرىغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەن مۆمىنلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن ۋە سالام يوللايمەن.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى ۋە ياردىمى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» دىكى ئەھلى ئىلىم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە جىددىي باش قاتۇرۇپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستانلىق ياش – ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن بۇ

تەلىم ـ تەربىيە پىروگراممىسى ھازىرلىنىپ چىقتى. بۇ ھەقىقەتەن تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ياخشى ئىش بولدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ پىروگراممىنى تۈزۈپ چىقىشقا ھەسسە قوشقان بارلىق قېرىنداشلىرىمغا رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تائالادىن تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن.

بۇ پىروگرامما ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە ھازىرلانغان بولۇپ، ھەر قايسى مەكتەپ، مەدرىسىلەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە تېز پۇرسەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

مۇھەممەد يۈسۈپ

«شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى»
تەتقىقات گۇرۇپپىسى رەئىسى

# كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر. رەھمەت، مەغپىرەت، دۇرۇت ۋە سالاملار ئۇلۇغ رەھبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭ ئىزىدىن ئەگەشكەنلەرگە بولسۇن، ئامىن!

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىشى، يۈكسىلىشى، ئىنسانىيەت دۇنياسىغا تارىختىن تۆھپىلەرنى قوشۇشى ئاشۇ مىللەتنىڭ تەلىم - تەربىيەگە ۋە ئىلىم - پەنگە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىشىگە باغلىق. ئەگەر بىر مىللەت ئىلىم - مەرىپەتسىز، ئاڭ - سەۋىيەسىز قالسا، ئەتراپىنى جاھالەت قاپلايدۇ، مىللەت ئاستا - ئاستا يوقىلىشقا، مۇنقەرز بولۇشقا يۈز تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، جانابى ئاللاھ جاھالەت ۋە نادانلىق قاپلاپ كەتكەن قاراڭغۇ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن چاغدا، تۇنجى ۋەھيىنى ”ئوقۇ“ بىلەن باشلىغان. كىشى ئوقۇغان، ئۆگەنگەن ۋە بىلىم ئاشۇرغان چاغدىلا، توغرا يول تېپىپ ماڭالايدۇ، خەلقىگە ۋە مىللىتىگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيدۇ. ھەممىدىن

مۇھىمى، ياراتقان ئىگىسىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇپ يېتەلەيدۇ.

گەرچە ئۇيغۇر خەلقىمىز تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان، شانلىق تۆھپىلەرنى ياراتقان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەن ئىچىدىكى قېرىنداشلار ھەر جەھەتتىن ئېزىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىگە دۇچ كەلسە، مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلار ئۆزلىرى تۇرۋاتقان ھەرقايسى دۆلەتلەرگە سىڭىپ يوق بولۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. بۇلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا، دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىمىزنى قوغداپ قېلىش، ھەر ساھەدە ئىخ-تىساسلىق، ئىقتىدارلىق، يارامىلىق ۋە تۆھپىكار ئادەملەرنى يېتىلدۈرۈش، كەلگۈسى نىشان ۋە غايىمىزگە غەلىبىلىك ھالدا يېتىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ۋە ئەۋلادلىرىمىزنى سىستېمىلىق ھالدا تەربىيىلىشىمىز، خەلقىمىزنىڭ ئاڭ - سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە تىنىم تاپماستىن تىرىشىشىمىز نە قەدەر زۆرۈر - ھە؟!

«شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» دىكى ئەھلى ئىلىم قېرىنداشلىرىمىز بۇ ئىشقا باش قاتۇرۇپ، بەزى ئوقۇش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلانغان ھالدا، قولىڭىزدىكى بۇ تەلىم - تەربىيە پىروگراممىسىنىڭ سىناق نۇسخىسىنى تۈنجى قەدەمدە ئاددىي قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. چۈنكى سىستېمىلىق تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىلمىسا، مەقسەتكە يېتىش ۋە مۇددىئانى ئىشقا ئاشۇرۇش نىسبىتى تۆۋەن ياكى نەتىجىسىز بولىدۇ.

بۇ پىروگرامما ئاساسەن ئۆسمۈرلەر باسقۇچى، ياشلار باسقۇچى، تەييارلىق باسقۇچى، تەشكىللەش باسقۇچى، دەۋەتچى يېتىلدۈرۈش

باسقۇچى ۋە يېتەكچى ئۇستاز يېتىلدۈرۈش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئالتە باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەربىر باسقۇچ ئۆز ئىچىگە ئالغان سىستېمىلىق تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئۆز نۆۋىتىدە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلىدۇ.

قولىڭىزدىكى بۇ تەلىم - تەربىيە پروگراممىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ دىنىي قىممەت قاراشقا ئىگە، ساغلام ئېتىقادلىق، گۈزەل ئەخلاقلىق، جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ياخشى مۇسۇلمان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ مىللىي قىممەت قاراشقا ئىگە، ۋەتىنى ۋە مىللىتىگە يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرى بولۇپ يېتىلىشىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ پروگراممىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا پايدىلىنىشقا تېگىشلىك ماتېرىياللار ئىچىدە دىنىي كىتابلارلا كۆرسىتىلىپ قالماستىن، شانلىق تارىخىمىزغا، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزگە دائىر كىتابلارمۇ كۆرسىتىلدى.

بۇ پروگراممىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىجرا قىلىش جەھەتتە بەشتىن ئونغىچە ئوقۇغۇچى ياكى كىشىدىن تەركىپ تاپقان كىچىك سۆھبەت گۇرۇپپىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئامال بار يېتەكچى ئۇستازلارنىڭ ياردىمىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، گۇرۇپپا ئەزالىرىغا مۇناسىۋەتلىك دەرسلەردىن ۋەزىپە تاپشۇرۇلۇپ، ۋەزىپە ئالغان ھەربىر ئەزا ئۆزى ئۈستىگە ئالغان دەرس ئۈستىدە ياخشى ئىزدىنىپ ھازىرلىق قىلىپ كېلىپ، گۇرۇپپا

ئەزالىرىغا سۆزلەپ بېرىشى، يېتەرسىز تەرەپلىرىنى يېتەكچى ئۇستاز تولدۇرۇشى كېرەك. بۇ خىزمەت يېتەكچى ئۇستازلارنىڭ سايىسىدە تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ نەتىجىلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ. يېتەكچى ئۇستاز كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا، بىرەر مۆتىۋەر كىشىنىڭ باشچىلىقىدا ئائىلە ئىچىدە سىستېمىلىق ۋە مۇئەييەن مۇددەتكە بۆلۈپ سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇش، دوستلار ئارا قەرەللىك سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىقمۇ بۇ خىزمەتنى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ ساھەدە ئۇيۇشتۇرۇلغان سۆھبەت ۋە دەرسلەرگە ئىزچىل قاتنىشىش، قاتناشقۇچىلار ئۆچۈن شارائىت ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىشكە ياردەمچى بولۇش، مۇناسىۋەتلىك كىتاب ۋە ژۇرناللاردىن پايدىلىنىش قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ پىروگراممىدا ئۆزلۈكىدىن دەرس قىلىپ ئۆگەنگۈچىلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنگەن بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىغا ئامال بار ئۇيغۇرچە كىتابلار كۆرسىتىلدى. بۇ يەردە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، پىروگرامما ئىچىدە كۆرسىتىلگەن دەرسلىك ۋە ئالاقىدار كىتاپلار تېمىلار بويىچە جەدۋەللەشتۈرۈلۈپ، ھەپتىلىك، ئايلىق، يىللىق پىلانغا بۆلۈنۈپ ئىجرا قىلىنسا ئۇنۇمى بەك ياخشى بولىدۇ.

بۇ پىروگراممىنى تۈزۈپ چىققان قېرىنداشلار مۇشۇ ساھەدە يېزىلغان ئەرەبچە ماتېرىياللاردىن، شۇنداقلا، بىر قىسىم ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھايات تەجرىبىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تۈزگەن بولسىمۇ، تۈنجى ئەمگەك بولغاچقا، ھەر

تولۇق نۇقسان ۋە خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەس. شۇڭا، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىپ، تېخىمۇ ساغلام پروگراما ھالىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مۇشۇ ساھەگە قىزىقىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان، جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلىدىغان مۆتىۋەر ئۇستازلارنىڭ تەنقىت - پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

_ تۈزگۈچىلەردىن

# بىرىنچى باب: ئۆسمۈرلەر باسقۇچى

ئۆسمۈرلەر باسقۇچى ئاساسەن 12 ـ 16 ياش ئارىلىقىدىكى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەركىب تاپقان ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان تۆت يىللىق تەربىيەلەش پروگراممىسى بولۇپ، تەربىيەلەش مەقسەت قىلىنغان ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىقتىدارى، شارائىتى ۋە ئىمكانىيىتىگە قاراپ، بۇ پروگراممىنى ئىككى يىلغا قىسقارتىشقىمۇ بولىدۇ.

بۇ باسقۇچتا تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى باشلانغۇچ سەۋىيەدە ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ:

- ئىمان ئاساسلىرى
- گۈزەل ئەخلاق
- جىسمانىي لاياقەت
- زۆرۈر شەرئى بىلىملەر

▼ ***كۆزلەنگەن مەقسەت:***

1. ئۆسمۈرلەرنى پاك، دىيانەتلىك، شەرم ـ هايالىق ۋە بىلىملىك قىلىپ يېتىلدۈرۈش.
2. قۇرئان كەرىمنى ئۆلچەملىك يادلاش، تىلاۋەت قىلىش ۋە ھەقىقىي چۈشىنىش.

3. قەلبىگە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سۆيگۈسىنى، شۇنداقلا، ئىسلام ئۈممىتىدىن چىققان ياخشى كىشىلەر سۆيگۈسىنى سىڭدۈرۈش.
4. ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تەربىيەلەنگۈچىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش دەۋرىدىن بىخەتەر ۋە سالامەت ئۆتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش.
5. ئىشەنچلىك تەلىم - تەربىيە سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ، ياخشى سۆھبەتداشلارنى تاللاشقا ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش.
6. جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام يېتىلىش مۇھىتىنى هازىرلاپ بېرىش.
7. باللاردىكى ئالاهىدە تالانت، زېرەكلىك ۋە شىجائەت ئالامەتلىرىنى مۇلاهىزە قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ يېتىلدۈرۈش.

## ◄ ئۆسمۈرلەر باسقۇچىدا پايدىلىنىشقا تېگىشلىك دەرسلەر

## بىرىنچى دەرس: قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەر

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش ۋە يادلاش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ سۆزىدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ئىلاهىي كىتاب بىلەن بولغان ئالاقىنى مۇستەهكەملەش ئۈچۈن كىشىنى مۇشۇ باسقۇچتىن باشلاپ كۈندىلىك قۇرئان تىلاۋىتىگە ئادەتلەندۈرۈش.

*1 - قۇرئان كەرىم:*

- قۇرئان كەرىمنىڭ 30 - پارىسىنى (يەنى، ئەممە پارىسىنى سۈرە نەبەدىن سۈرە ناسقىچە تولۇق) يادلاش.
- ئەممە پارىسىدىكى بارلىق سۈرىلەرنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلغان تەپسىرىنى ئوقۇپ چىقىش بىلەن بىرگە، قۇرئان كەرىمنىڭ تۆۋەندىكى قىسسىلىرىنى كېڭەيتىپ شەرھىلەش:

1. خەندەك قىسسىسى.
2. ئەسهابۇلجەننە قىسسىسى.
3. ئەسهابۇلكەھف قىسسىسى.
4. سالىھ ئەلەيهىسسالامنىڭ تۆگىسىنى ئۆلتۈرۈش قىسسىسى.
5. پىرئەۋن قىسسىسى.
6. پىل قىسسىسى.

◄ فاتىھە، ئىخلاس، ئەسر، قارىئە، قەدر قاتارلىق سۈرىلەرنىڭ كېڭەيتىلگەن تەپسىرىنى ئوقۇپ چىقىش.

*2 - قۇرئان كەرىمگە ئالاقىدار بىلىملەر:*

◄ تەجۋىد ئەھكاملىرىنى نەزەرىيە تەپسىلاتىغا كىرمەستىن ئېغىزاكى مەشىق قىلىش، لېكىن مۇشۇ باسقۇچتا تۇرۇپ تەجۋىد ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشكە سەۋىيەسى يېتىدىغانلار بولسا، ئۆگىنىۋەرسە بولىدۇ.

◄ تەربىيىلەنگۈچىنىڭ دىققىتىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قۇرئان كەرىم ھازىر قولىمىزدا قانداق بولسا،

ئاللاھ تەرىپىدىن شۇ پېتى نازىل قىلىنغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش:

- ۋەھيى
- قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل قىلىنىشى.
- قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق جەملىنىشى.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- قۇرئان كەرىم.
- زىرىپ قارىھاجىمنىڭ «ئەممە پارە تەپسىرى» ناملىق ئەسىرى.
- مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىمنىڭ «ئاخىرقى ئىككى پارە تەپسىرى» ناملىق ئەسىرى.
- قۇرئان بىلىملىرىگە ئالاقىدار ئوقۇشلۇق «دىن ۋە ھايات» ناملىق ئەسەردىن ئېلىنىدۇ.
- مۇھەممەد يۇسۇف قارىمنىڭ «قۇرئان كەرىم قانداق كىتاب؟» ناملىق ئەسىرى.
- قۇرئاندىكى قىسسىلەر ناملىق ئەسەر ياكى قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە قىستۇرۇلغان ئىزاھاتلاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

## ئىككىنچى دەرس: ھەدىس شەرىپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەر

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- ھەدىسنىڭ نېمىلىكى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە مەلۇماتلىق بولۇش.

- يىگىرمە ھەدىس يادلاش.
- يادلىغان ھەدىسلەرنىڭ ئادەدىي ئىزاھاتىنى ئوقۇش.
- تۆۋەندىكى مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇلىدىغان دۇئالارنى يادلاش:
  1. يېمەك - ئىچمەك دۇئاسى.
  2. ئۇخلاشتىن بۇرۇن ۋە ئويغانغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا.
  3. يېڭى كىيىم كىيىش دۇئاسى.
  4. مەسجىدكە كىرىش - چىقىش دۇئاسى.
  5. قاتناش ۋاسىتىلىرىگە ئولتۇرۇش دۇئاسى.
  6. ھاجەتخانىغا كىرىش - چىقىش دۇئاسى.
  7. ئولتۇرۇش (سورۇن) ئاخىرلاشقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا.
  8. ئۆيگە كىرىش - چىقىش دۇئاسى.
  9. سەپەر قىلىش دۇئاسى.
  10. ئىستىخارە ۋە ھاجەت دۇئاسى.
- ئەتىگەن - ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان قىسقارتىلما دۇئالارنى يادلاپ داۋاملىق ئوقۇش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

1. ئىمام نەۋەۋىنىڭ «قىرىق ھەدىس» ناملىق ئەسىرى ۋە تەرجىمىسى.
2. مۇھەممەد يۇسۇف قارىمنىڭ «ئىلاھىي قورغان» ناملىق ئەسىرى.
3. ھىسنۇلمۇسلىم ناملىق زىكىر - دۇئا كىتابى.
4. زىكىر ۋە دۇئالار ھەققىدە ھازىرلانغان كىتابچىلار.

## ئۈچىنچى دەرس: ئىسلام ئەقىدىسى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- تەربىيە ئالغۇچىدا ئاللاھ تائالانى سۆيۈش ۋە ئۇ زاتقا مۇتلەق ئىتائەت قىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈش.
- ئاللاھنىڭ ئۇنى ھەر دائىم كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىمانىنى ئاشۇرۇش.
- ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەللەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش.
- تاغ، دېڭىز، ئاسمان - زېمىن، ئىنسان ۋە ھايۋاناتلار قاتارلىق جىمى مەۋجۇداتلاردىكى ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئادەتلەندۈرۈش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ «ئەقائىدى زەرۇرىييە» ناملىق ئەسىرى.
- مۇھەممەد يۈسۈف قارىمنىڭ «ئىسلام ئەقىدىلىرى» ناملىق ئەسىرى.
- م. زەقزۇقنىڭ «دىنىي ئەقىدە ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى» ناملىق ئەسىرى.

## تۆتىنچى دەرس: شەرىئەت ئەھكاملىرى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- ئىبادەتنى توغرا ئادا قىلىش.

- تۆۋەندىكى تېمىلارنى تەپسىلاتىغا كىرمەستىن ئۆگىنىش بىلەن بىرگە ئۇنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش:
  1. تاھارەت ئەھكاملىرى.
  2. ناماز ئەھكاملىرى.
  3. روزا ئەھكاملىرى.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- مۇھەممەد يۇسۇف قارىمنىڭ «ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دىنىي سا-ۋات» ناملىق ئەسىرى.
- مۇھەممەد يۇسۇف قارىمنىڭ «ناماز ئەھكاملىرى ۋە قائىدە تەرتىپلىرى» ناملىق ئەسىرى.
- مۇھەممەد يۇسۇف قارىمنىڭ «روزا» ناملىق ئەسىرى.
- مۇھەممەد يۇسۇف قارىمنىڭ «دىن ۋە ھايات» ناملىق ئە-سىرىدىن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار.

## بەشىنچى دەرس: پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمىھالى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- تەربىيىلەنگۈچىنىڭ قەلبىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى.
- بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرى ۋە دەۋەت خىزمەتلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشى.
- ھېچبىر پەيغەمبەرنى ئايرىماستىن ھەممىسىنى بىردەك سۆيۈشى.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىدىن سەۋىيىسى ۋە ياش قورامىغا ماس تاللانمىلارنى ئوقۇشى.
- تۆۋەندىكى پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىنى ئوقۇشى:
  1. ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە يارىتىلىش مەسىلىسى.
  2. نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە دەۋەت يولىدا سەۋرچان بولۇش مەسىلىسى.
  3. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ساپ تەۋھىد مەسىلىسى.
  4. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋە توغرا - دۇرۇس بولۇش مەسىلىسى.
  5. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي كىملىكى ۋە ئۈچ ئىلاھ ئېتىقادىنىڭ خاتالىقى.

### ▼ *پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:*

- ئەبۇلھەسەن نەدەۋىنىڭ «پەيغەمبەرلەر قىسسىسى» ناملىق ئەسىرى.
- مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىمنىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق تەرجىمە ئەسىرى.
- ئەھمەد بەھجەتنىڭ «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى» ناملىق ئەسىرى.

## ئالتىنچى دەرس: ئېقىم ۋە پىرقىلەر

### ▼ *كۆزلەنگەن مەقسەت:*

- ئىنسان پىكرىنىڭ يېتىلىش، شەكىللىنىش باسقۇچى

بولغان ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە، ئۇلارغا ئاتېئىزىم، شۇنداقلا، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ سىرتىدىكى قارىماققا ئىسلامغا مەنسۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىسلامدىن يىراق تۈۋەندىكىدەك بەزى گۇرۇھلار ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش ئاساسىي مەقسەتتۇر.

- ئاتېئىزىم.
- شىئە گۇرۇھلىرى.
- ئازغۇن تائىپىلەر.

### ▼ *پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:*

- شەيخ شەئراۋىنىڭ «ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ماددىي دەلىللەر» ناملىق ئەسىرى.
- مۇستافا مەھمۇدنىڭ «دىنسىز تونۇشۇم بىلەن سۆھبەت» ناملىق ئەسىرى.
- بىر تۈركۈم تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ «ئاللاھ تېخىمۇ تەجەللى قىلماقتا» ناملىق ماقالىلار توپلىمى.
- مۇھەممەد يۇسۇف قارىمىنىڭ «دىن ۋە ھايات» ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلۈمى.
- مۇھەممەد يۇسۇف قارىمىنىڭ «ئازغۇن پىرقىلەر» ناملىق ئەسىرى.

## يەتتىنچى دەرس: ئىسلام تارىخى

### ▼ *كۆزلەنگەن مەقسەت:*

- تەربىيىلەنگۈچىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەتنى قاراڭغۇ-

لۇقتىن يوروۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلىشى.

- «ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى كۆپرىنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتلەردىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن كەلگەن» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، تەربىيلەنگۈچى ئىسلام دىنى كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئەرەب دۇنياسى ۋە ئۇلارغا قوشنا مىللەتلەردىن بولغان رۇم، فارس، مىسىر خرىستىئانلىرى (قىبتىلار)، ھەبەشلەر ۋە ھىندىلار ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى.
- ئىسلام دىنىنىڭ شۇ مىللەتلەرگە روھىي، ئىجتىمائىي، ئىنسانىي، سىياسىي ۋە مەرىپەت ساھەلىرىدە ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى مۇلاھىزە قىلىشى.

▼ ***پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:***

تېمىغا ئالاقىدار مۇناسىپ كىتابلار تاللانسا بولىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** تارىخ بولسا ئىنسانىيەت خاتىرىسى، ئىبرەتلىك ۋەقەلىكلىرىنىڭ پۈتۈكى ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا ئادىل گۇۋاھچىدۇر. بىزگە مۇھىم بولغىنى ئومۇمەن ئىنسانىيەت تارىخى بىلەن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تارىخى. بولۇپمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدۇر. ئۇنى ئوقۇش ئارقىلىق تارىختىكى ھەل قىلغۇچ پەيتلەرنى، مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلەيمىز، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىمىز. دەرھەقىقەت، تارىخنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىقنى چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى بولىدۇ. بولۇپمۇ شەرت - شارائىت بىلەن تۈرتكىلەر ئوخشاپ كەتكەن ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق.

بۇ سەۋەبتىن، ئۆزلەشتۈرۈش مۇھىم بولغىنى تارىخنىڭ تەپسىلاتى ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ چېكى يوق. ئەكسىچە، ئىبرەت، ئۇلۇغلۇق، شانۇشەۋكەت گەۋدىلەنگەن نۇقتىلىرىدۇر.

## سەككىزىنچى دەرس: دەۋەت چۈشەنچىسى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- پارلاق كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياشلارنىڭ ئۆز رولىنى بىلىپ يېتىشى.
- ئىسلامغا مەنسۇپ بولغانلىقنىڭ تەقەززاسىنى بىلىشى.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- ھەسەنۇل بەننانىڭ «رىساللەر مەجمۇئەسى» ناملىق ئەسەرىدىن «ياشلارغا»، «بىزنىڭ دەۋىتىمىز» ۋە «ئىنسانلارنى نېمىگە چاقىرىمىز» ناملىق بابلار.
- فەتھى يەكەننىڭ «مۇسۇلمانلىقىم مەندىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ» ناملىق ئەسىرى.

## توققۇزىنچى دەرس: تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- ئاددىيراق باشقۇرۇش ماھارەتلىرىنى يېتىلدۈرۈش؛ مەسىلەن:
  1. نۇتۇق سۆزلەش ماھارىتى.
  2. ئوي - پىكىرلىرىنى رىتىملىق ھالدا يېزىپ قالدۇرۇش

ماھارىتى.

3. سورۇن باشقۇرۇش ماھارىتى.

◄ بۇلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلسا ياخشى بولىدۇ:

1. ئىمانىي تونەك ئۆتكۈزۈش.
2. دالا سەيلىسى.
3. پۇتبول قاتارلىق ھەر خىل مۇسابىقە پائالىيەتلىرى.

▼ **پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:**

مۇناسىۋەتلىك ئايەت، ھەدىس ۋە كىتابلار.

## ئونىنچى دەرس: ئىسلامىي پىكىر

▼ **كۆزلەنگەن مەقسەت:**

- ئىسلامنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك، ئالەمشۇمۇل بىر دىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشى.
- ئىسلام ھەر زامان ۋە ھەر ماكان، شۇنداقلا، بارلىق ئىنسانلارغا ماس كېلىدىغان دىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشى.

▼ **پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:**

- «تەلىماتلار رىسالىسى» ئىمام ھەسەنۇل بەننا.

- «ئىسلامنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرى» يۇسۇف قەرزاۋى.

◄ بۇ ھەقتە ئاڭ سەۋىيەنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەسىلىلەردە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش پايدىلىق:

*1 - مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىسى:*

مۇھىت بولغىنىشنىڭ ئالامەتلىرى، سەۋەبلىرى، ئىنسانلارغا بولغان تەسىرى، مۇھىت ئاسراش ئۇسۇلى، مۇھىت ئاسراش ئورگانلىرى ۋە ئىسلامنىڭ مۇھىت ئاسراش ھەققىدىكى تەلىماتلىرى.

*2 - دۇنيادىكى نامراتلىق مەسىلىسى:*

نامراتلىق يۈز بېرىۋاتقان ئورۇنلار، نامراتلىق سەۋەبلىرى، نامراتلىق ۋە ئاچارچىلىق مەسىلىسىگە باي دۆلەتلەرنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئىسلامنىڭ نامراتلىقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشى.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- گېزىت - ژۇرناللار.
- تور بەتلىرى.
- «مشكلة الفقر وكيف عالجها الإسلام» يوسف القرضاوي

## ئون بىرىنچى دەرس: ئۇيغۇر تىل – ئەدەبىياتى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- ئانا تىلنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈش.
- خام سۆزلەر ۋە ئاتالغۇلارنىڭ مەنىلىرىنى توغرا، تارىخىي

ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن چۈشىنىش.

- ئىملا قائىدىلىرىنى ئۆگىنىش.

▼ ***پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:***

- «ئابدۇلقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە» خېۋىر تۆمۈر.
- «ئۆمۈر مەنزىللىرى» شېئىرلار توپلىمى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر.
- «سەرسان روھ» ئەخەت تۇردى.
- «بوۋام شۇنداق ئۆگەتكەن» يار مۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق.
- ئۇيغۇر تىلى ۋە ئىملا قائىدىسى ھەققىدە يېزىلغان بىرەر كىتاب (باشقا مۇناسىپ ئوقۇشلۇق تاللانسىمۇ بولىدۇ).

## ئون ئىككىنچى دەرس: ئاخبارات ئېڭى

▼ ***كۆزلەنگەن مەقسەت:***

- ئۆسمۈرلەرنى تەتۈر ئاخبارات تەشۋىقاتلىرىنىڭ زەھەرلىشىدىن ساقلاش.
- ئاخباراتنى ھازىرقى زاماندا كەم بولسا بولمايدىغان ئاقارتىش قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش.
- ئومۇمەن جەمئىيەت مەسىلىلىرى، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلار مەسىلىلىرىگە قارىتا توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلدۇرۇش.

◄ بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ:

1. ئىسلامىي ۋە پايدىلىق ئىلمىي مۇنازىرە مۇنبەرلىرىگە

قاتنىشىپ، پىكىر ۋە تەشۋىقات ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش.

2. ئاخباراتتا ئېلان قىلىنغان بەزى مەسىلىلەرنى ئۆزئارا مۇنازىرە قىلىشىش.
3. ئاخباراتنىڭ پايدا - زىيانلىرى ۋە ئۇنى پايدىلىق قوللىنىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە ھازىرلانغان ماتېرىيال- لارنى ئوقۇتۇش.
4. پايدىلىق ئۈن - سىن ماتېرىياللىرىنى كۆرسىتىش.

▼ ***پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:***

- «ئۆمەر مۇختار»، «رىسالە» قاتارلىق فىلىملەر.
- تارىخىي ھۆججەتلىك فىلىملەر.
- كارتون فىلىملەر.
- تاماكا، ھاراق، زەھەرلىك چېكىملىكلەر، شۇنداقلا، ئېيدىز قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ھەققىدە پايدىلىق سىن ھۆججەتلىرى.
- پايدىلىق ئۈن ماتېرىياللىرى.
- تور بەتلەر ۋە مۇنازىرە مۇنبەرلىرى.

## ئون ئۈچىنچى دەرس: ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاش ئەمەلىي پىروگراممىسى

- سۈننەتكە ئۇيغۇن تاھارەت ئېلىش.
- بەش ۋاقىت نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەكرۇھاتلاردىن يىراق بولۇش.
- بامدات نامىزى ئۈچۈن سەھەر ئويغىنىش.

- پەرز روزىنى تولۇق تۇتۇش.
- روزىنى بۇزىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇش.

## ئون تۆتىنچى دەرس: گۈزەل ئەخلاقنى ئەمەلىي ئۆزلەشتۈرۈش پىروگىراممىسى

ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بۇ پىروگىراممىنى ئۈچ تارماققا بۆلدۇق.

1. روھنى يۈكسەلدۈرۈپ، نەپسنى پاكلاش پىروگىراممىسى.
2. مۇئامىلە پىروگىراممىسى.
3. مۇسۇلمان شەخس يېتىلدۈرۈش پىروگىراممىسى.

*1 - نەپسنى پاكلاش پىروگىراممىسى:*

- قۇدرىتى يەتكەن مىقداردا قۇرئان يادلاش، ئاز دېگەندە مۇشۇ پىروگىراممىدا كۆرسىتىلگەننى يادلاش.
- كۈندىلىك قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى قولدىن بەرمەسلىك.
- كۈندىلىك ئوقۇلىدىغان دۇئالارنى داۋام قىلىش.
- نىيەت قىلىش قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىپ، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى بىلىش.
- باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش، غەيۋەت، چېقىمچىلىق ۋە ناشايان گەپ - سۆزلەردىن يىراق بولۇش.

*2 - مۇئامىلە پىروگىراممىسى:*

◄ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە چوڭلار بىلەن بولىدىغان

مۇئامىلە:

1. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئەدەب ـ ئەخلاقلىق مۇئامىلىدە بولۇش.
2. ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە قوشنىلارغا ئەدەب ـ ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىش.
3. چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىپ، كىچىكلەرنى ئاسراش.
4. پىشقەدەم دەۋەتچى ۋە سالىھ كىشىلەرگە ئىھتىرام بىلدۈرۈش.

◄ ئاۋام بىلەن بولىدىغان مۇئامىلە:

1. سالام بېرىش قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇچ-رىغانلارغا سالام قىلىش.
2. سۆزلەش، رۇخسەت سوراش، مەسجىدكە كىرىش ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىنى ئۆگىنىش.
3. باشقىلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا رەھمەت ئېيتىش.
4. ھەر تۈرلۈك ئالدامچىلىقتىن يىراق بولۇش.
5. بارلىق ئىنسانلارغا ياخشىلىق تىلەش.
6. ناچار دوست ـ ئاغىنىلەردىن يىراق بولۇش.
7. ئىمانىي ئۇچرىششلارغا قاتنىششقا ئەھمىيەت بېرىش.

*3 - مۇسۇلمان شەخس يېتىلدۈرۈش پروگراممىسى:*

- بەدەن، كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرالغۇ جاينى پاكىزە ۋە رەتلىك تۇتۇش.
- مەغرۇرلانماستىن ئۆزىگە ئىشىنىش.

- ئۆز ھەق - ھوقۇقىنى قوغدايدىغان بولۇش.
- ۋاقتىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىپ، ئۇنى پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىش.
- باشقىلارنىڭ ئامانەت ۋە مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش.

## ئون بەشىنچى دەرس: ئائىلىۋى پائالىيەت پىروگراممىلىرى

| پىروگراممىلار | | |
|---|---|---|
| 1 | تەنھەرىكەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى | يېرىم ئايلىق |
| 2 | سىنتەخسە كۆرسىتىش | ئايلىق |
| 3 | دالا سەيلىسى | پەسىللىك |
| 4 | مەسجىد ياكى كۆرگەزمە زىيارىتى | پەسىللىك |
| 5 | قۇرئان كەرىم مۇسابىقىسى | يېرىم يىللىق |
| 6 | ئىسلامىي ۋە ئائىلىۋى مەلۇمات مۇسابىقىسى (ئالدىن تەييارلاپ تارقىتىلغان بولۇشى كېرەك) | مۇشۇ باسقۇچتا بىر قېتىم |
| 7 | رايون ۋە شەھەرلەر ئارا باغلار زىيارىتى | مۇشۇ باسقۇچتا بىر قېتىم |

# ئىككىنچى باب: ياشلار باسقۇچى

ياشلار باسقۇچى ئاساسەن 17 ـ 21 ياش ئارىلىقىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە كەسپىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەركىب تاپقان ياشلارغا قارىتىلغان ئۈچ يىللىق تەربىيىلەش پىروگىراممىسى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆزلەشتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ:

▼ **كۆزلەنگەن مەقسەت:**

1. ئاللاھقا بولغان ئىماننى مۇستەھكەملەش.
2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەر ئىشتا ئۈلگە قىلىش.
3. مەسجىد بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىش.
4. ئىسلامىي جامائەتچىلىك ھەققىدە ئاساسىي چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش.
5. دىيارىمىزدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ھەققىدە ئاساسىي مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇش.
6. ھەر ساھەدە ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئەلاچى بولۇشقا تىرىشىش.
7. شەرىئەت دائىرىسىدە كۆڭۈل ئېچىش ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش.

## ◄ ياشلار باسقۇچىدا پايدىلىنىشقا تېگىشلىك دەرسلەر

## بىرىنچى دەرس: قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەر

*1 - قۇرئان كەرىم*

### ▼ *كۆزلەنگەن مەقسەت:*

***ئا - يادلاش:***

• يادلاپ بولغان 30 - پارىنى تەكرارلاش بىلەن بىرگە، 29 - پارىنى يادلاش.

***ب - تەپسىر:***

ئەممە پارىنىڭ (سۈرە نەبەئدىن سۈرە ناسقىچە) تەپسىرىنى ئوقۇش.

◄ تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئوقۇش:

| نۇقتىلىق ئايەتلەر | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | ئايەت | سۈرە | ئايەت نومۇرى |
| 2 | حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةُ وَالدَّمُ وَلَحْمُ الْخِنْزِيرِ... | سۈرە مائىدە | 3 |
| 3 | يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنْصَابُ... | سۈرە مائىدە | 90-92 |
| 4 | وَقَضَى رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا ... | سۈرە ئىسرا | 28-38 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 5 | قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ... | سۈرە مۆئمىنۇن | 1-11 |
| 6 | سُورَةٌ أَنْزَلْنَاهَا وَفَرَضْنَاهَا وَأَنْزَلْنَا فِيهَا آيَاتٍ بَيِّنَاتٍ... | سۈرە نۇر | 1-3 |
| 7 | وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا... | سۈرە فۇرقان | 63-67 |
| 8 | وَإِذْ قَالَ لُقْمَانُ لِابْنِهِ وَهُوَ يَعِظُهُ يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّهِ... | سۈرە لوقمان | 13-19 |
| 9 | يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ اتَّقِ اللَّهَ وَلَا تُطِعِ الْكَافِرِينَ وَالْمُنَافِقِينَ... | سۈرە ئەھزاب | 1-6 |
| 10 | إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ... | سۈرە ئەھزاب | 56-59 |

## 2 - قۇرئاندا ئالاقىدار بىلىملەر

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- تەجۋىد قائىدىلىرىنى ئېغىزاكى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە «نۇن ساكىنە ۋە تەنۋىن» ئەھكاملىرىنى مەشىق قىلىش.
- مەككە ۋە مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىك-لىرىنى ئۆگىنىش.
- قۇرئان كەرىمنىڭ يېزىلىش ۋە توپلىنىش جەريانىنى ئۆگىنىش.
- قۇرئان كەرىمدىكى تۈرلۈك مۆجىزىلەرنى ئۆگىنىش، بولۇپمۇ ئىلمىي مۆجىزىلەرنى پۇختا بىلىش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

1. «تەجۋىد قائىدىلىرى» مۇھەممەد يۇسۇف قارىم.
2. «ئىبنى كەسىر تەپسىرى» ئىبنى كەسىر.

3. «ئەممە پارە تەپسىرى» زەرىپ قارىھاجى.
4. قۇرئان بىلىملىرىگە ئالاقىدار ئوقۇشلۇق «دىن ۋە ھايات» ناملىق ئەسەردىن ئېلىندۇ.
5. قۇرئان مۆجىزىلىرى ۋە ئىلمىي مۆجىزە ھەققىدە يېزىلغان بىرەر ئەسەر («مانا بۇ ھەقىقەت» ياكى «ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ماددىي دەلىللەر» ناملىق كىتابلار بولسىمۇ بولىدۇ).

## ئىككىنچى دەرس: ھەدىس شەرىپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەر

### ▼ *كۆزلەنگەن مەقسەت:*

◄ ئىلگىرى يادلاپ بولغان ھەدىسلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكرارلاش.

◄ «قىرىق ھەدىس» توپلىمىنى يادلاپ ئۇنى يەڭگىل شەرھىلەش.

◄ تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەدىس ھەققىدە بىر ئاز چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش:

1. ھەدىس، سۈننەت دېگەن نېمە؟
2. ھەدىسنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟
3. ھەدىس توپلاش جەريانى ۋە ئۆلىمالارنىڭ ھەدىس رىۋايىتىنى قوبۇل قىلىش ئۆلچەملىرى.

### ▼ *پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:*

- «شەرھى جەۋامىئۇل كەلىم» رىزائۇددىن پەخرىددىن.

- «100 ھەدىس تەرجىمە ۋە ئىزاھاتى» ئابدۇلئەھەد ھاپىز.
- «قىرىق ھەدىس» ئىمام نەۋەۋى.
- ھەدىس ھەققىدە چۈشەنچىلەر «جەمئۇلفەۋائىد» ناملىق كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئېلىنىدۇ.

## ئۈچىنچى دەرس: ئىسلام ئەقىدىسى

▼ ***كۆزلەنگەن مەقسەت:***

◄ ئىسلام ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش.

◄ دۇنيا تارىخىدىن بۇيان ئاللاھ چۈشۈرگەن بارلىق كىتابلار ۋە ئەۋەتكەن ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېلىپ كەلگىنى ئىسلام دىنى ئىكەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلاردىن ئىبارەت دۇنيا خەلقىگە ئەۋەتىلگەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا تولۇق مەلۇماتلىق بولۇش.

◄ قىيامەتنىڭ جەزمەن بولىدىغانلىقىنى نەقلىي ۋە ئەقلىي دەلىللەر بىلەن ئۆگىنىش.

▼ ***پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:***

- «ئىمان ۋە ھايات» يۇسۇف قەرزاۋى.
- «ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي چۈشەندۈرۈش» شەيخ ئەلى تەنتاۋى.

# تۆتىنچى دەرس: شەرىئەت ئەھكاملىرى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىش.
- تۆۋەندىكى تېمىلارنى دەلىل-پاكىتلىرى بىلەن تەپسىلىي ئۆگىنىش:

1. تاھارەت ئەھكاملىرى.
2. ناماز ئەھكاملىرى.
3. روزا ئەھكاملىرى.
4. ھەج ئەھكاملىرى.
5. كىيىم - كېچەككە ئالاقىدار ئەھكاملار.
6. رەسىمگە ئالاقىدار ئەھكاملار.
7. ناخشا - مۇزىكىغا ئالاقىدار ئەھكاملار.
8. يات جىنىستىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى شەرىئەت ئۆلچەملىرى.
9. كاپىرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى شەرىئەت ئەھكاملىرى.
10. بەختلىك ئائىلە قۇرۇش ئاساسلىرى ۋە تۇرمۇش قۇرۇشقا ئالاقىدار ئەھكاملار.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» مۇھەممەد يۇسۇف قارىم.
- «ئىسلامدا ھالال ۋە ھارام» شەيخ يۇسۇف قەرزاۋى.
- «پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيەلەيمىز» مۇھەممەد يۈسۈپ.

- «دىن ۋە ھايات» ناملىق ئەسەرلەردىن مۇناسىۋەتلىك تېمىلار.

## بەشىنچى دەرس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمھالى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى باشتىن ئاخىرى ئوقۇپ چىقىش.
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ئەخلاقى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش:

1. تائىفلىقلارنىڭ ئەزىيىتىگە سەۋر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھىدايىتىگە دۇئا قىلغانلىقى.
2. ئىسلامنى دەۋەت قىلىش يولىدا ھەربىر قەبىلىنىڭ يېنىغا بارغانلىقى، ئۇلارنى مېھمان قىلغانلىقى،.
3. ھۇدەيبىيە سۈلھىدە قان ئېقىتماسلىق ئۈچۈن ناھەق شەرتلەرنى قوبۇل قىلغانلىقى.
4. مەككە ئازاد بولغان كۈنى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى ۋە بارلىق مۇشرىكلارنى ئەپۇ قىلغانلىقى.

- تۆۋەندىكى ئىسلام قەھرىمانلىرىنىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇش.

1. مۇئاز ئىبنى جەبەل.
2. ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكر.
3. نۇسەيبە ئەلمازىنىيە.
4. تارىق ئىبنى زىياد.

5. سەئىد ئىبنى جۇبەير.
6. ھەسەن ئەلبەسرى.

- ئۇيغۇر تارىخىدا ئىز قالدۇرغان مەشھۇر شەخسلەردىن بىر قانچىسىنىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇش.

▼ **پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:**

- «شېرىن بۇلاق» سەھىيۇرەھمان مۇبارەكفۇرى.
- «ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار» ئابدۇراھمان رافەت باشا.
- «تابىئىنلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار» ئابدۇراھمان رافەت باشا.
- «ئايال ساھابىلەر»
- تېمىغا ئالاقىدار باشقا ماتېرىياللار تېپىپ ئوقۇلىدۇ.
- «ئابدۇلقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە»
- «سۇتۇق بۇغراخان» توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار
- مەمتىلى تەۋپىق توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار
- ئابدۇخالىق ئۇيغۇر توغرىسىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار
- ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم توغرىسىكى ماتېرىياللار ۋە ئاغزاكى مەلۇماتلار

## ئالتىنچى دەرس: ئىسلامىي ئىقىملار

▼ **كۆزلەنگەن مەقسەت:**

◄ تۆۋەندىكى ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش:

1. جامالىددىن ئافغانىي ئىدىيىسى
2. شەيخ مۇھەممەد ئابدۇ ئىدىيىسى

▼ ***پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:***

- ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم (يالقۇن روزى نەشرگە تەييارلىغان)
- مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار تېپىپ ئوقۇلىدۇ.

## يەتتىنچى دەرس: ئىسلام تارىخى

▼ ***كۆزلەنگەن مەقسەت:***

ئىسلام تارىخىنىڭ پارلاق ئۆتمۈشىنى مۇكەممەل بىلىش. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى تېمىلارنى تەپسىلىي ئوقۇش كېرەك:

1. تۆت خەلىپە دەۋرى.
2. ئەمەۋىلەر دۆلىتى.
3. ئابباسىيلار دۆلىتى.
4. ئەندەلۇس دۆلىتى.
5. مەمالىكلار دۆلەتلىرى ۋە ئوسمانىيلار خىلاپىتى.
6. قاراخانىيلار دۆلىتى.
7. سەئىدىيە خانلىقى
8. ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى.
9. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- «تۆت خەلىپە» مەھمۇد شاكىر
- «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» مۇھەممەد ئېمىن بۇغرا
- «ئۇيغۇرلار» تۇرغۇن ئالماس
- مۇناسىپ ماتېرىياللار تاللاپ ئوقۇلىدۇ.

## سەككىزىنچى دەرس: دەۋەت چۈشەنچىسى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- دەۋەت قائىدە - يوسۇنلىرى، ئۇسلۇبى، شۇنداقلا، دەۋەتچىگە ئالاقىدار ئەدەب - ئەخلاقلارنى ئۆگىنىش.
- دەۋەت يولىدىكى توسالغۇلار ۋە ئىمانىي ئوزۇقلار ھەققىدە مەلۇماتلىق بولۇش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- ھەسەنۇل بەننانىڭ «رىساللەر مەجمۇئەسى» ناملىق ئەسەردىن «ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلتىيى» رىسالىسى.
- «ئىسلامغا دەۋەت قىلىش قائىدە - يوسۇنلىرى» ھەممام ئابدۇرراھمان سەئىد.
- «ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك؟» يۇسۇف قەرزاۋى.
- «المنطلق، العوائق، الرقائق» **محمد أحمد الراشد.**

## توققۇزىنچى دەرس: تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

◄ تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش:

1. يىغىن باشقۇرۇش.
2. ۋاقىتتىن پايدىلىنىش

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

بۇ ھەقتە يېزىلغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىدۇ.

## ئونىنچى دەرس: ئىسلامىي ئاڭ – پىكىر يېتىلدۈرۈش

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- ئىسلام پىكرىدىكى يۈكسىلىش ۋە چېكىنىش ئامىللىرىنى ئۆگىنىش.
- ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىستىقبالىغا قوشقان تۆھپىسىنى ئۆگىنىش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- «ئىنسان مەدەنىي ئىسلام يېتەكچىلىكىگە موھتاج» يۈسۈف قەرزاۋى.

- «مانا بۇ ئىسلام» مۇھەممەد يۇسۇپ قارىم.
- «ئىسلام ھەققەت بىلەن سەپسەتە ئوتتۇرىسىدا» ئەھمەد شەلەبى، ئەھمەد ئۆمەر ھاشىم، ئابدۇسەبۇر شاھىن، ئابدۇسەبۇر مەرزۇق، مەھمۇد زەقزۇق.

## ئون بىرىنچى دەرس: سىياسىي ئاڭ يېتىلدۈرۈش

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

◄ مەملىكەت ئىچى كۆن تەرتىپىدىكى سىياسىي مەسىلىلەردىن خەۋەردار بولۇش.

◄ خەلقئارا ۋە ئىسلام ئەللىرى ئالاقىدار مەسىلىلەردىن خەۋەردار بولۇش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- ھەر خىل قانالاردىكى مەملىكەت، خەلقئارا ۋە ئىسلام دۇنياسىغا ئالاقىدار خەۋەرلەر پىروگراممىسى.
- گېزىت، ژۇرناللار، توربەتلەر.

## ئون ئىككىنچى دەرس: ئۇيغۇر تىل – ئەدەبىياتى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- ئانا تىلنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈش.
- ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مەلۇماتلىق بولۇش.

▼ **پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:**

- ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى
- ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى (ئۈچ قىسىم)
- ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى
- ئىستىلىستىكا ئىلمى
- ئومۇمىي لوگىكا
- باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار

## ئون ئۈچىنچى دەرس: ئاخبارات ئېڭى يېتىلدۈرۈش

▼ **كۆزلەنگەن مەقسەت:**

◄ ئاخباراتتىكى راست - يالغان بىلەن پايدىلىق - پايدىسىز مەزمۇنلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى يېتىلدۈرۈش.

◄ ئاخباراتقا قىزىقىدىغان ياشلارنى شۇ ساھەدە يېتىلدۈرۈش.

▼ **پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:**

*نەزەرىيە ماتېرىياللىرىدىن:*

1. قۇرئان كەرىمنىڭ ئاخباراتقا مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە تەپسىرى.
2. ھەدىس شەرىپتىن ئاخباراتقا مۇناسىۋەتلىك قىسىملار ۋە ئۇنىڭ شەرھلىرى.
3. ئاخبارات ساھەسىگە ئالاقىدار ماتېرىياللار.

4. گېزىت - ژۇرناللار ۋە توربەتلەر.

***ئەمەلىي پائالىيەتلەردىن:***

1. كونا تەرتىپتىكى مەسىلىلەردىن بىرقانچىسى ئۈستىدە ئوبزور يازدۇرۇش.
2. ئىسلام دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش.

## ئون تۆتىنچى دەرس: ئىبادەتلەرنى توغرا ئادا قىلىش ئەمەلىي پىروگراممىسى

- بامدات نامىزى ئۈچۈن سەھەر تۇرۇش.
- سۈننەتكە ئۇيغۇن تاھارەت ئېلىشنى ئۆگىنىش.
- نامازنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مەكروھ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش.
- بەش ۋاخ نامازنى ئىمكانقەدەر مەسجىدتە جامائەت بىلەن ئوقۇشقا تىرىشىش.
- پەرز روزىنى تۇتۇش.
- روزىنى بۇزىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇش.
- ئاز دېگەندە ئايدا بىر كۈن نەپلە روزا تۇتۇش.
- كۈندە مەلۇم مىقداردا قۇرئان ئوقۇشنى داۋام قىلىش.
- شارائىت يېتىلگەن ھامان ھەج ۋە ئۆمرە ئادا قىلىشقا نىيەت قىلىش.

## ئون بەشىنچى دەرس: گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈش پىروگىراممىسى

◄ ئۆگىنىش ۋە ئىجرا قىلىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بۇ پىروگىراممىنى ئۈچ تارماققا بۆلدۇق:

1. نەپسىنى پاكلاشپىروگىراممىسى.
2. مۇئامىلە پىروگىراممىسى.
3. مۇسۇلمان شەخس يېتىلدۈرۈش پىروگىراممىسى.

***بىرىنچى: نەپسنى پاكلاش پىروگىراممىسى***

- ھەر دائىم نىيەتنى يېڭىلاپ تۇرۇش.
- قۇرئان يادلاشقا تىرىشىش، ئاز دېگەندە مۇشۇ پىروگىراممىدا كۆرسىتىلگەننى بولسىمۇ يادلاش.
- كۈندە مەلۇم مىقداردا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇش.
- ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىش.
- ھەقىقىي تەقۋادار بولۇشقا تىرىشىش.
- تەۋبە ۋە ئىستىغپارنى قولدىن بەرمەسلىك، بولۇپمۇ پە-زىلەتلىك ۋاقىتلاردا.
- سەۋر قىلىش.
- نەپسنى ھەسەتخورلۇق، غەزەپلىنىش ۋە شەخسىيەتچىلىكتىن پاكلاش.
- ياخشى سالىھ كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش.
- سەپەر ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆ-گىنىش ۋە ئەمەل قىلىش.
- تېلېۋىزورنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆرمەسلىك.

- ئىنتېرنېتتا تارقىتىلىۋاتقان ئەخلاقسىز فىلىملەرنى ۋە بۇزۇق تور بەتلەرنى كۆرمەسلىك.
- ئىسلامغا ئۇيغۇن كىيىنىش.
- بىمەنە زىبۇزىننەتتىن ساقلىنىش.
- ساپاسىز كىشلەر بىلەن ئارىلىششتىن ساقلىنىش.
- نامەھرەملەرگە قارىماسلىق.

***ئىككىنچى: مۇئامىلە پىروگراممىسى***

◄ ئائىلىسىدە:

- ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش.
- ئەر - خوتۇن ھەر ئىككى تەرەپ ئىسلام كۆر-سەتمىسى بويىچە بىر - بىرىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش.
- پەرزەنتلەرنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش.
- ھەپتىدە بىر كۈن ئائىلە ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىش.

◄ قېرىنداشلىرى ۋە چوڭلار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىدە:

- چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش.
- تەربىيىلىگۈچىنى ئاتا، ئۇستاز ۋە ئاكىنىڭ ئورنىدا كۆرۈش.
- قېرىنداشلىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە تەقەززاسىنى بىلىش .

◄ سۆھبەتداشلىرى بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىدە:

- يامان ھەمراھلاردىن يىراق بولۇش.
- چۈشكۈرگەن كىشىنىڭ «ئەلھەمدۇلىللاھ» دېيىشى.
- ئاغرىقلارنى يوقلاش.
- مېھماننى ئىززەتلەش.
- ئېھتىياجى بارلارغا ياردەم قىلىش.
- جىنازىغا قاتنىشىش.

◄ ئومۇمىي ئىنسانلار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىدە:

- كىچىكلەرنى ئاسراپ، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش.
- ئىنسانلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىش.
- ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ئىشەنچلىك بولۇش.
- ۋەدىگە ۋاپا قىلىش.
- قەرزنى ئادا قىلىشتا ئالدىرىغا سۆرىمەسلىك.
- تونۇغان ۋە تونۇمىغان ھەر كىشىگە ئوچۇق چىراي بولۇش.
- باشقىلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا رەھمەت ئېيتىش.
- باشقىلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش.
- قارشى پىكىرنى ھۆرمەت قىلىش.

***ئۈچىنچى: مۇسۇلمان شەخس يېتىلدۈرۈش پروگراممىسى***

- بەدەن، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي قاتارلىقلارنى پاكىز تۇتۇش.
- يوتقان ـ كۆرپە، ياتاق، ئىشخانا ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرنى رەتلىك تۇتۇش.

- باشقىلارنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاش.
- ئۆگەنگەننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئالدىراش.
- كۆزقاراش ئوخشاش بولمىغان ھالدا ئىختىلاپلىشىش قائىدە - يوسۇنلىرىدىن چەتنىمەي قارشى تەرەپكىمۇ يول قويۇش.
- ئۆزىگە ئىشەنچ بىلەن قاراش، شامالغا قاراپ ئىش تۇ- تىدىغان بولماسلىق.
- مەغرۇرلانماسلىق.
- ئىجتىمائىي ئالاقىدە مەيدانى مۇستەھكەم، ئىش - ھەرى- كەتلىرىدە جەسۇر بولۇش.
- ئاچچىقلانغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش.
- ۋاقىتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىپ، پايدىلىق ياخشى ۋە ئىشلارغا سەرپ قىلىش.
- تۈزۈمگە رىئايە قىلىش ۋە ۋەدىگە ۋاپا قىلىش.
- تەرتىپلىك پىكىر قىلىش.
- قىيىنچىلىقلارنى ئۇتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پىكىر بىرىشكە ئالدىراش.
- يېڭى ۋە مۇھىم خەۋەرلەرنى بىلىشكە ئىنتىلىش.
- پايدىسىز گەپ - سۆزلەرنى قىلماسلىق.
- مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىماسلىق.

## ئون ئالتىنچى دەرس: ئەمەلىي پائالىيەت پىروگراممىسى

| ئەمەلىي پائالىيەت پىروگراممىسى | | |
|---|---|---|
| 1 | تەنتەربىيە پىروگراممىسى. | يېرىم ئايلىق |

| | | |
|---|---|---|
| 2 | ئىمانىي ئۇچرىشىش. | ئايلىق |
| 3 | بىرەر كىتاب ياكى ماقالە ئوقۇش. | ئايلىق |
| 4 | ئۈنئالغۇ ئارقىلىق تەبلىغ ۋەز – نەسىھەت ئاڭلاش. | ئايلىق |
| 5 | پىيادە مېڭىپ تەنھەرىكەت قىلىش. | پەسىللىك |
| 6 | مەسجىدلەرنى، كۆرگەزمىخانىلارنى ۋە ئالىملارنى زىيارەت قىلىش | پەسىللىك |
| 7 | بىرەر تېمىدا سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇنىڭدىن دوكلات ھازىرلاش. | پەسىللىك |
| 8 | دالا سەيلىسى ئۇيۇشتۇرۇش. | يېرىم يىللىق |
| 9 | قۇرئان كەرىم مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇش. | يىللىق |
| 10 | ۋەتەننىڭ ھەرقايىسى جايلىرىنى ساياھەت قىلىپ تارىخىي مەدەنىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇش. | مۇشۇ باسقۇچتا بىر قېتىم |
| 11 | شەھەرلەر ئارا ساياھەت قىلىش | مۇشۇ باسقۇچتا بىر قېتىم |
| | **كەسپىي كۇرسلار** | |
| 1 | قۇرئان تىلاۋەت ئەھكاملىرى كۇرسى | يىللىق |
| 2 | كومپيۇتېر – ئىنتېرنېت كۇرسى | يېرىم يىللىق |
| 3 | ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت كۇرسى | مۇشۇ باسقۇچتا بىر ياكى ئىككى قېتىم |
| 4 | ئالاقىلىشىش ۋە مۇناسىۋەت ئورنىتىش ماھارىتى كۇرسى | مۇشۇ باسقۇچتا بىر ياكى ئىككى قېتىم |
| 5 | ئىسلام پىكرىنى قانداق نەشر قىلىش ھەققىدە كۇرس | مۇشۇ باسقۇچتا بىر ياكى ئىككى قېتىم |
| 6 | پائالىيەت ۋە سورۇن ئىدارە قىلىش كۇرسى | يېرىم يىللىق |

# ئۈچىنچى باب: تەييارلىق باسقۇچى

تەييارلىق باسقۇچى مۇسۇلمان قىز ـ يىگىتلىرىنى ئىسلام مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇنتىزىم خىزمەت قىلىشقا تەييارلاش باسقۇچى بولۇپ، نورمال مۇددىتى ئىككى يىل بولىدۇ. ئەمما ئۆسمۈر ۋە ياشلارغا خاس تەربىيىلىنىش باسقۇچلىرىدىن ھالقىمىغانلار ئۈچۈن مۇددىتىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ. شۇنداقلا، يۇقىرىدىكى ئىككى باسقۇچنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولغانلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ مۇددىتىنى قىسقارتىشقىمۇ بولىدۇ.

▼ **كۆزلەنگەن مەقسەت:**

1. تەربىيىلەنگۈچىدە يۇقىرىدا ئۆتكەن ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق باسقۇچلىرىنىڭ مەقسەتلىرى تەلەپكە لايىق ئەمەلگە ئاشقان ـ ئاشمىغانلىقىنى ئېنىقلاش.
2. مۇسۇلمانلار جامائىتىگە قوشۇلۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەققىدە يېتەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش.
3. تەربىيىلەنگۈچىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ۋە زېرەكلىك ھەمدە جاسارەت ئالامەتلىرىنى كۆزىتىپ، ئۇنى توغرا يۆنەلدۈرۈش.

## ◄ تەييارلىق باسقۇچىنىڭ پايدىلىنىش دەرسلىكلىرى

## بىرىنچى دەرس: قۇرئان كەرىم ۋە قۇرئانغا ئالاقدار بىلىملەر

### 1 - قۇرئان كەرىم

**▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:**

- ئاخىرقى ئۈچ پارىنى يادلاش، تىلاۋەت قىلىش ۋە مۇكەممەل چۈشىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش (سۈرە مۇجادەلەدىن سۈرە ناسقىچە).
- ئىمكانقەدەر سۈرە كەھفنى تولوق يادلاش.
- تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى كېڭەيتىپ تەپسىرلەش:

| نۇقتىلىق ئايەتلەر | | | |
|---|---|---|---|
| No | ئايەت | سۈرە | ئايەت نومۇرى |
| 1 | قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي... | ئال ئىمران | 31 - 32 |
| 2 | يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا ادْخُلُوا فِي السِّلْمِ... | بەقەرە | 208 |
| 3 | لَقَدْ كَانَ لِسَبَإٍ فِي مَسْكَنِهِمْ آيَةٌ... | سەبە | 15 - 21 |
| 4 | وَاسْأَلْهُمْ عَنِ الْقَرْيَةِ الَّتِي... | ئەئراف | 160 - 167 |
| 5 | وَقَالَ رَجُلٌ مُؤْمِنٌ مِنْ آلِ فِرْعَوْنَ... | غافىر | 28 - 51 |
| 6 | لُعِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ | مائىدە | 78 - 79 |

## 2 - قۇرئانغا ئالاقىدار بىلىملەر

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- تەپسىر ھەققىدە باشلانغۇچ ساۋاتقا ئىگە بولۇش.
- تەجۋىد ئىلمى ھەققىدە تولۇق مەلۇماتلىق بولۇش.
- تىلاۋەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئەمەلىي مەشىق قىلىش بىلەن بىرگە (نۇن ساكىنە - تەنۋىن - مىم ساكىنە) گە ئوخشاش مۇھىم نۇقتىلارنى پۇختا ئۆگىنىش.
- قۇرئان كەرىمدىكى بەزى ئىلمىي مۆجىزىلەرنى كۆپلەپ ئوقۇش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- «ئىبنى كەسىر تەپسىرى» ئىبنى كەسىر.
- «تەجۋىد قائىدىلىرى» مۇھەممەد يۇسۇف قارىم.
- «قۇرئان كەرىم»نى ئۆلچەملىك ئوقۇش قائىدىلىرى
- «قۇرئان مۆجىزىسى» ئوبۇل قاسىم ئەھمەدى.
- «قۇرئان تەپسىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ھەققىدە» ناملىق ماقالە. (د. نۇرئەھمەت قۇربانىنىڭ ماقالىسى، «ئانا يۇرت» ناملىق تور ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان).

*قوشۇمچە:*

بۇ دەرسلىكتە يادلاشقا بەلگىلەنگەن سۈرىلەرنى توغرا تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن شەيخ مەھمۇد خەلىل ھۇسەرىگە ئوخشاش مەشھۇر قارىيلارنىڭ قىرائەتلىرىنى ئاڭلاش بىلەن بىرگە، مەخسۇس تەلىم - تەربىيە ھەم يادلاش ئۈچۈن تەييارلانغان يەنە باشقا

ئۆنتەخسىلىرى ۋە تور بەتلىرىدىن پايدىلانسا بولىدۇ.

## ئىككىنچى دەرس: ھەدىس شەرىپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەر

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- «قىرىق ھەدىس» توپلىمىنى تەكرارلاش.
- «ياخشىلار باغچىسى» ناملىق كىتابتىن قىرىق بابنى ئوقۇپ چىقىپ، ھەربىر بابتىن بىردىن ھەدىس يادلاش.
- يادلىغان ھەدىسلەرنى قىسقىچە شەرھلەش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- «ياخشىلار باغچىسى» ۋە «مۇتتەقىيلەر سەيلىگاھى» مۇ- ھەممەد سالىھ داموللاھاجىم تەرجىمىسى.
- «ياخشىلار باغچىسى» ناملىق كىتابنىڭ شەرھىسى، شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين.

## ئۈچىنچى دەرس: ئىسلام ئەقىدىسى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئالاقىدار ئەقلىي دەلىل - ئىسپاتلارنى بىلىش.
- تەۋھىدنىڭ ئۈچ تۈرىنى ئۆگىنىش (يەنى، تەۋھىد رۇبۇبىيە - تەۋھىد ئۇلۇھىيە - ۋە تەۋھىد ئەسما ۋە سىفات).
- ئىماننىڭ ئالتە ئاساسىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ ئۆگىنىش.

- ئىمانغا زىت كېلىدىغان ئىشلارنى بىلىۋېلىش.

### ▼ *پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:*

- يارمۇھەممەد جالالىدىنىنىڭ «يېگانە يارانتقۇچى» ناملىق ئەسىرى.
- شەيخ مۇھەممەد ئۇسەيمىنىنىڭ «ئىمان ئاساسلىرى» ناملىق ئەسىرى.
- شەيخ ئابدۇلمەجىد زىندانىنىڭ «ئىمان» ناملىق ئەسىرى.
- ئەبۇ بەكر ئەلجەزائىرىنىڭ «مۇئمىنىنىڭ ئەقىدىسى» ناملىق ئەسىرى.

## تۆتىنچى دەرس: شەرئەت ئەھكاملىرى

### ▼ *كۆزلەنگەن مەقسەت:*

- تۆۋەندىكى ئىبادەتلەرنىڭ سىرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىپ ئىبادەت قىلىش:
  1. تاھارەت ئەھكاملىرى ۋە ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىنى ئۆگىنىش.
  2. ناماز ئەھكاملىرى ۋە ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىنى ئۆگىنىش.
  3. روزا ئەھكاملىرى ۋە ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىنى ئۆگىنىش.
  4. زاكات ئەھكاملىرى ۋە ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىنى ئۆگىنىش.
  5. ھەج ئەھكاملىرى ۋە ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىنى ئۆگىنىش.
- فىقھىنىڭ لۇغەت ۋە ئىستىلاھىي مەنىسىنى بىلىش.
- ئىسلام فىقھىسىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىنى ئۆگىنىش.
- فىقھىي ئىجتىھاد ۋە ئوخشاش بولمىغان قاراشلارنى ئۆگىنىش.
- فىقھىي مەزھەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ۋە مەدرىسىلىرىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچلىرىنى ئۆگىنىش.

- ھازىرقى زامان فىقھىي مەسىلىلىرى ھەققىدە مەلۇماتلىق بولۇش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- «ئىسلامدا ئىبادەت» يۈسۈف قەرزاۋى.
- «ئىسلام قانۇنشۇناسلىق تارىخى» مەننائۇلقەتتان.
- «ناماز» (مۇھەممەد يۈسۈف قارىم)

## بەشىنچى دەرس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمھالى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- تۆۋەندىكى ۋەقەلىكلەرنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ھاشىم جىلغىسىدا ئۈچ يىل مۇھاسىرە قىلىنىشى.
2. ئىسرا ۋە مىراج ۋەقەسى، ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ۋەقە ھەققىدىكى مەيدانى.
3. ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتى ۋە ئەنسارلارنىڭ مەيدانى.
4. تۆۋەندىكى ساھابىلارنىڭ تەرجىمھالىنى ئۆگىنىش:
   - مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.
   - ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.
   - مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا.

1. ئۇيغۇر تارىخىدا ئىز قالدۇرغان مەشھۇر شەخسلەردىن بىر قانچىسىنىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- «پەيغەمبەر ئەتراپىدىكى ئەزىمەتلەر» خالىد مۇھەممەد خالىد.
- «ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار» ئابدۇراھمان رافەت باشا.
- «شېرىن بۇلاق» سەفىييۇرەھمان مۇبارەكفۇرى.
- «ئايال ساھابىلەر».
- باشقا مۇناسىپ ماتېرىياللار.

## ئالتىنچى دەرس: ئىسلامىي ئېقىملار

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- تۆۋەندىكى ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش:
  1. ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت:
     - ئەشئەرىيە ئېقىمى
     - ماتۇرىدىيە ئېقىمى
     - سەلەفىيە ئېقىمى
  2. مۇھەممەد رەشىد رىزا ئىدىيىسى.
  3. ھەسەنۇل بەننا ئىدىيىسى.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- مۇھەممەد رەشىد رىزا ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەر.
- **«التربية الإسلامية ومدرسة حسن البنا» القرضاوي.**
- ئىسلام دۇنياسىدىكى بايراقدار ھەرىكەتلەرگە دائىر ئالاقىدار

ماتېرىياللار تېپىپ ئوقۇلىدۇ.

## يەتتىنچى دەرس: ئىسلام تارىخى

▼ ***كۆزلەنگەن مەقسەت:***

- ئىسلام تارىخىدىن بىر پۈتۈن خەۋەردار بولۇش.
- ئىسلام دۇنياسىنىڭ چېكىنىش ۋە ئارقىدا قېلىش سەۋەبلىرىنى ئۆگىنىش.

▼ ***پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:***

- «مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى» ئەبۇلھەسەن نەدەۋى.
- «مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدى؟» ئەمىر شەكىب ئارسلان.

## سەككىزىنچى دەرس: دەۋەت چۈشەنچىسى

▼ ***كۆزلەنگەن مەقسەت:***

- دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، دەپ ئەھدە قىلىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تونۇش.

▼ ***پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:***

- «مۇسۇلمانلىقىم مەندىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ» ناملىق كىتابنىڭ بەيئەت ھەققىدىكى بۆلۈمى.
- ئىمام ھەسەنۇل بەننانىڭ «رىسالىلەر مەجمۇئەسى» ناملىق

كىتابىنىڭ تەلىماتلار بۆلۈمى.

## توققۇزىنچى دەرس: تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرى

▼ ***كۆزلەنگەن مەقسەت:***

- تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش:
   1. تەشكىللىك ھەرىكەت قىلىشنىڭ ماھىيىتى.
   2. تەشكىللىك ھەرىكەت قىلىشنىڭ تەلەپلىرى.
   3. تەشكىللىك ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى.
   4. تەشكىللىك ھەرىكەت قىلىشنىڭ شەرئى ئۆلچەملىرى.

▼ ***پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:***

- «ئىسلامىي دەۋەتنىڭ پەرزلىكى ۋە زۆرۈرىيىتى» سادىق ئەمىن.

## ئونىنچى دەرس: ئىسلامىي ئاڭ – پىكىر يېتىلدۈرۈش

▼ ***كۆزلەنگەن مەقسەت:***

- ئىسلامىي پىكىرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئومۇمىي تونۇشۇپ چىقىش.
- بەزى شەك ـ شۈبھىلەر ھەققىدە مەلۇماتلىق بولۇش.
- ئومۇمىي ھاياتتا، بولۇپمۇ، تەشكىللىك ھەرىكەتتە خانىم ـ قىزلارنىڭ رولىنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- «رىسالىلەر مەجمۇئەسى» ئىمام ھەسەنۇل بەننا.
- «ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە ئوتتۇرىسىدا ئىسلام» ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى.
- «كەلگۈسىدىكى مۇسۇلمان ئايال» يۇسۇف قەرزاۋى.

## ئون بىرىنچى دەرس: سىياسىي ئاڭ يېتىلدۈرۈش

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- دۆلەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە يوقىلىش ئامىللىرىنى ئۆگىنىش.
- سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش.
- ئامېرىكىنىڭ دۇنيا سىياستى ھەققىدە ئىزدىنىش.
- ۋەتەنىنىڭ كەلگۈسى ۋە خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» سەيمىل خانتىڭتون.
- «تىنجىماس ئۇيغۇر دىيارى» كىرىستىيان تەيلېر.
- ھەر خىل قانالالاردىكى مەملىكەت، دۇنيا ۋە ئىسلام دۇنياسىغا ئالاقىدار خەۋەرلەر پىروگراممىسى.
- گېزىت - ژۇرناللار، تور بەتلەر.

## ئون ئىككىنچى دەرس: ئۇيغۇر تىل – ئەدەبىياتى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- ئانا تىلنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈش.
- يېزىقچىلىق ماھارىتى يېتىلدۈرۈش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- مۇناسىپ ئوقۇشلۇق تاللىنىدۇ.

## ئون ئۈچىنچى دەرس: ئاخبارات ئېڭى يېتىلدۈرۈش

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- ئاخباراتنىڭ ئامما رايىغا تەسىر كۆرسىتىشتىكى رولىنى ئۆگىنىش.
- ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- تور بەتلەر ۋە مۇنازىرە مۇنبەرلىرى.
- گېزىت - ژۇرناللار.
- بۇ ھەقتە يېزىلغان مەخسۇس ماتېرىياللار تاللاپ دەرسلىك قىلىنسا بولىدۇ.

## ئون تۆتىنچى دەرس :ئىبادەتلەرنى توغرا ئادا قىلىش ئەمەلىي پىروگرامىسى

1. بامدات نامىزى ئۈچۈن سەھەر ئويغىنىش.

2. ئىمكانقەدەر بەش نامازنى مەسجىدتە ئوقۇش.
3. نامازنى ئالالاھتىن ھەقىقىي قورققان ھالدا ئوقۇش.
4. ئاز دېگەندە ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش.
5. روزىنى بۇزىدىغان ھەرقانداق ئىشلاردىن يىراق بولۇش.
6. قۇدرىتى يەتكەن ھامان ھەج - ئۆمرىنى كىچىكتۈرمەي ئادا قىلىش.
7. ئاز بولسىمۇ سەدىقە بېرىپ تۇرۇش.
8. ئايدا بىر كېچە ئېتىكاپ قىلىش.

## ئون بەشىنچى دەرس: گۈزەل ئەخلاق ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلىي پىروگراممىسى

◄ ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بۇ پىروگراممىنى ئۈچ تارماققا بۆلدۇق:

1. نەپسىنى پاكلاش پىروگراممىسى.
2. مۇئامىلە پىروگراممىسى.
3. مۇسۇلمان شەخس يېتىلدۈرۈش پىروگراممىسى.

◄ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىي بۇرچىمىز ئالتە تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار:

1. دىنىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز
2. ئۆزىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز
3. ئائىلىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز
4. ۋەتەن ۋە خەلقىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز

5. ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز
6. تەبىئەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز

***نەپسنى پاكلاش پىروگراممىسى***

1. ھەر دائىم نىيەتنى رۇس ۋە ساپ قىلىش.
2. پەرز ۋە ھەر خىل ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندا روھنى پاكلاشنى مەقسەت قىلىش.
3. قۇرئان يادلاشقا تىرىشىش، ئاز دېگەندە مۇشۇ پىروگراممىدا كۆرسىتىلگەننى بولسىمۇ يادلاش.
4. كۈندە مەلۇم مىقداردا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇش.
5. ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلىش.
6. تەۋبە ۋە ئىستىغپارنى قولدىن بەرمەسلىك، بولۇپمۇ سۈننەتتە كۆرسىتىلگەن ئەۋزەل ۋاقىتلاردا.
7. ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراش.
8. كىچىك گۇناھلاردىن ئۆزىنى ساقلاپ، شەك - شۈبھىلەردىن يىراق بولۇش.
9. ئۆزىنى سەۋر قىلىشقا كۆندۈرۈش.
10. نەپسنى ھەسەتخورلۇق ۋە چىدىماسلىقتىن پاكلاش.

***2 - مۇئامىلە پىروگراممىسى***

***ئائىلىدە:***

- ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش.
- ئەر - خوتۇن ھەر ئىككى تەرەپ تۇرمۇشتىكى ئىسلام كۆرسەتكەن مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش.

- پەرزەنتلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى تولۇق ئادا قىلىش.
- ھەپتىدە بىر كۈن ئائىلە ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىش.

***قېرىنداشلىرى ۋە چوڭلار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىدە:***

- چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش.
- تەربىيىلىگۈچىنى ئاتا ۋە ئاكىنىڭ ئورنىدا كۆرۈش.
- قېرىنداشلىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە تەقەززاسىنى بىلىش.

***ئاۋام بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىدە:***

- باشقىلارغا سەمىمىي نەسىھەت قىلىش.
- تونۇغان ۋە تونۇمىغان كىشىلەرگە تەبەسسۇم بىلەن قاراش.
- باشقىلارغا مۇلايىم بولۇپ، قىلغان ياخشىلىقىغا رەھمەت ئېيتىش.
- باشقىلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش.
- ھەر تۈرلۈك ئامانەتنى ئادا قىلىش ۋە ھەر زامان ئىشەنچلىك بولۇش.
- دوست ـ بۇرادەر ۋە قولۇم ـ قوشنىلارنى ھۆرمەت قىلىش.
- ۋەدىگە ۋاپا قىلىش.
- پايدىسىز ئويۇن ـ تاماشالاردىن يىراق تۇرۇش.
- قەرز قايتۇرۇشنى كەينىگە سوزماسلىق.

***3 ـ مۇسۇلمان شەخس يېتىلدۈرۈش پروگراممىسى***

- ھەر ئىشتا پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىش.
- ياتاق، ئۆي، ئىشخانا، كىتاب ـ ماتېرىياللارنى رەتلىك تۇتۇش.

- ئىسراپخورلۇق ۋە راھەتپەرەسلىكتىن ساقلىنىش.
- ئىنتىزامچان بولۇش ۋە ۋەدىگە ۋاپا قىلىش
- ۋاقىتنى قەدىرلەپ، خىزمەت، ئۆگىنىش، ئەمەل ـ ئىبادەت، زىيارەت قاتارلىقلارنى پىلان بويىچە ئورۇنلاش.
- تەرتىپلىك پىكىر قىلىش. پىكىر مەستانىلىكىدىن ۋە پىكىر چېچىلاڭغۇلۇقىدىن ساقلىنىش.
- مەغرۇر، تەرسا، جاھىللىقتىن يىراق بولۇپ، ئىش ـ ھەرىكەت، ئىجتىمائىي ئائىلەقىدە مەيدانى مۇستەھكەم، پىكرى ئۆتكۈر، جەسۇر بولۇش.
- ئۆگەنگەننى دەرھال ئەمەلىيلەشتۈرۈش.
- ئائىلىق بەدەل پۇلىنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشقا ئادەتلىنىپ، ئۇنىڭدىن مەقسەت قىلىنغان تەربىيە مەزمۇنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش.
- ئىسلام پىكرىنى كەڭ كۆلەمدە تارقىتىشقا تىرىشىش.
- يولۇققان قىيىنچىلىقلاردا پىكىر بىرلىكىگە كېلىپ، ئۇنى ھەل قىلىشقا ئالدىراش.
- يېڭى ۋە مۇھىم خەۋەرلەرنى بىلىشكە ئىنتىلىش.
- ئاڭلىغان خەۋەر ۋە مەلۇماتلارنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېقىش.
- پىكرى ئوخشىمىغان كىشىلەر بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە قارشى تەرەپكىمۇ يول قويۇش.
- باشقىلارنىڭ بەرگەن تەنقىد ۋە باھالىرىنى قوبۇل قىلىش.
- سالماق بولۇش ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىش.
- باشقىلار ھەققىدە ياخشى گۇماندا بولۇش.

- مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىماسلىق.
- ئارتۇقچە كۆلكە - چاقچاقلاردىن يىراق بولۇش.

## ئون ئالتىنچى دەرس: ئەمەلىي پائالىيەت پروگراممىلىرى

| ئەمەلىي پائالىيەتلەر | | |
|---|---|---|
| 1 | ئىمانىي ئۆچرىشىش | ئايلىق |
| 2 | بىرەر كىتاب ياكى ماقالە ئوقۇش | ئايلىق |
| 3 | مەسجىد، كۆرگەزمە ۋە ئىسلامىي ئاسارە - ئەتىقىلەرنى زىيارەت قىلىش | پەسىللىك |
| 4 | دالا سەيلىسى | يېرىم يىللىق |
| 5 | دەۋەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ھەققىدە كۇرس ئۇيۇشتۇرۇش | مۇشۇ باسقۇچ مەزگىلىدە بىر قېتىم |
| 6 | مەسجىدنىڭ رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە مەسجىد دەۋىتى ھەققىدە كۇرس ئۇيۇشتۇرۇش | مۇشۇ باسقۇچ مەزگىلىدە بىر قېتىم |
| 7 | سىياسىي، ئىقتىسادىي ياكى ئىجتىمائىي ئالاقە ئۇقۇملىرى ھەققىدە كۇرس ئۇيۇشتۇرۇش | مۇشۇ باسقۇچ مەزگىلىدە بىر قېتىم |
| 8 | ۋەتىنىمىزدىكى ئىسلامىي خىزمەتلەر ھەققىدە مۇزاكىرە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش | مۇشۇ باسقۇچ مەزگىلىدە بىر قېتىم |

# تۆتىنچى باب: تەشكىللەش باسقۇچى

بۇ باسقۇچ ئالدىنقى باسقۇچلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغانلارنى، پىكرى، ئىمانىي، جىسمانىي ۋە سەزگۈرلۈك جەھەتلەردە مۇكەممەل يېتىشتۈرۈپ، ئىسلام مەنپەئەتى ئۈچۈن كوللېكتىپ خىزمەت قىلىشقا يېتەكلەش ۋە تەشكىللەش باسقۇچىدۇر.

بۇ باسقۇچنىڭ مۇددىتى ئۈچ يىلدىن كەم بولسا بولمايدۇ. تەربىيە ئالغۇچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بىرئاز ئۇزارتىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ باسقۇچتا تەربىيىلەش مۇددىتى ئاساس قىلىنماستىن، بەلكى تەربىيە ساپاسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى تەربىيە ئالغۇچىلارنىڭ يېتىلىش ئەھۋالىغا قاراپ مۇددىتى ئۇزارتىلسا بولىدۇ.

بۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرىدا كۆزلىگەن مەقسەت ئەمەلگە ئاشقان ياكى ئاشمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇستاز تەرىپىدىن ئىمتىھان ئېلىنىدۇ.

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

1. تەربىيىلەنگۈچىنىڭ ئىسلامنى ئىلمىي ۋە ئەمەلىي دەلىل - ئىسپاتقا تايىنىپ كەڭ دائىرىدە چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى.
2. تەربىيىلەنگۈچىنى شەرئى ۋە باشقا پايدىلىق بىلىملەر بىلەن

قوراللاندۇرۇپ، ئىسلام مەنپەئەتى ئۈچۈن چىن دىلىدىن قىزغىن خىزمەت قىلىدىغان مەدەنىيەتلىك ۋە قابىلىيەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرۈش.

3. تەربىيىلەنگۈچىنى ھەم ئۆزى سالىھ ھەم ئىسلاھاتچى تەقۋادار مۇسۇلمان قىلىپ يېتىلدۈرۈش.
4. تەشكىلىي خىزمەت سېپىگە قاتناشتۇرۇش.
5. تەشكىللەش باسقۇچىنىڭ پايدىلىنىش دەرسلىكلىرى

## بىرىنچى دەرس: قۇرئان كەرىم ۋە قۇرئانغا ئالاقىدار بىلىملەر

*1 - قۇرئان كەرىم*

▼ ***كۆزلەنگەن مەقسەت:***

- سۈرە نۇر - سۈرە ياسىن - سۈرە ھۇجۇرات - سۈرە مۇمتەھىنە قاتارلىق سۈرىلەرنى يادلاش:
- يۇقىرىدىكى سۈرىلەرنىڭ تەپسىرىنى ئوقۇش.
- تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىنى مۇكەممەل ئوقۇش:

| نۇقتىلىق ئايەتلەر | | | |
|---|---|---|---|
| | ئايەت | سۈرە | ئايەت نومۇرى |
| 1 | سَيَقُولُ السُّفَهَاءُ مِنَ النَّاسِ مَا وَلَّاهُمْ | بەقەرە | 124 - 150 |
| 2 | إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنْزَلْنَا مِنَ الْبَيِّنَاتِ | بەقەرە | 159 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 3 | وَأَنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ | بەقەرە | 195 |
| 4 | الَّذِينَ يَأْكُلُونَ الرِّبَا | بەقەرە | 179 - 175 |
| 5 | إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا | نىسا | 69 - 58 |
| 6 | قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لَا تَغْلُوا فِي دِينِكُمْ | مائىدە | 85 - 77 |
| 7 | وَمَا ظَنُّ الَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ | يۇنۇس | 66 - 60 |
| 8 | وَلَا تَحْسَبَنَّ اللَّهَ غَافِلًا عَمَّا يَعْمَلُ الظَّالِمُونَ | ئىبراھىم | 52 - 24 |
| 9 | وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا | فۇرقان | 77 - 63 |

## 2 - قۇرئانغا ئالاقىدار بىلىملەر

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- تەجۋىد ئىلمىگە ئالاقىدار بىلىملەرنى تولۇقلاپ ئۆگىنىش.
- قۇرئان كەرىمنى تولۇق چۈشىنىشكە ياردىمى بولىدىغان تۆۋەندىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىش:

1. سۈرىلەرنىڭ مەككىدە ياكى مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىنى بىلىش.

2. ئايەتلەرنىڭ نازىل قىلىنىش سەۋەبلىرى.
3. قۇرئاننىڭ يەتتە خىل قىرائەتتە نازىل بولۇشى ۋە بۇ قىرائەتلەر.

▼ ***پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:***

- تەجۋىد قائىدىلىرى ھەققىدە بىرەر كىتاب.
- «ئىبنى كەسىر تەپسىرى» ئىبنى كەسىر.
- قۇرئان بىلىملىرى ھەققىدە ئوقۇشلۇق، مەنبەئۇلقەتتان.

## ئىككىنچى دەرس: ھەدىس شەرىپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەر

▼ ***كۆزلەنگەن مەقسەت:***

- ئىلگىرى يادلاپ بولغان ھەدىسلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكرارلاش بىلەن بىرگە يېڭى تاللانما ھەدىسلەرنى يادلاش.

1. يادلىغان ھەدىسلەرنىڭ تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتىنى پۇختا ئىگەللەش.
2. ھەدىسنىڭ تۈرلىرىنى ئۆگىنىش.
3. ھەدىسلەرنى توپلاش ۋە يېزىپ چىقىش باسقۇچلىرى بىلەن تونۇشۇش.
4. ھەدىس راۋىيلىرىگە ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچسىز دەپ باھا بېرىش ئىلمى ھەققىدە ساۋاتلىق بولۇش.

▼ ***پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:***

- «شەرھى جەۋامىئۇل كەلىم» رىزائۇددىن پەخرىددىن.

- «100 ھەدىس تەرجىمە ۋە ئىزاھاتى» ئابدۇلئەھەد ھاپىز.
- «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» ۋە ئۇنىڭ مۇقەددىمىسى.
- «سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى» مۇھەممەد سالىھ داموللاجىم تەرجىمىسى.
- ھەدىس ئىلمى ھەققىدە بىرەر كىتاب.

## ئۈچىنچى دەرس: ئىسلام ئەقىدىسى

▼ ***كۆزلەنگەن مەقسەت:***

1. جەمئىيەتتە دەتالاش قىلىنىۋاتقان ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش.
2. جىن ۋە شەيتانلار ھەققىدە بىلىمگە ئىگە بولۇش.
3. چىراغچى، پالچى، داخان، سېھىرگەر... قاتارلىقلار ھەققىدە مەلۇماتلىق بولۇش.
4. دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان ئىنچىكە مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش.
5. گۇناھ مەسىيەتكە چۈشۈپ قالغانلارنىڭ ھۆكمىنى ئۆگىنىش.
6. شىئە مەزھىپى توغرىسىدا مەلۇماتقا ئىگە بولۇش.

▼ ***پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:***

- «بىز دەۋەتچى، قازى ئەمەس!» ھەسەن ھۇزەيبى.
- «باشقىلارنى كاپىرغا نىسبەت بېرىشتىكى ئاشقۇنلۇق ئالا-

مەتلىرى» يۇسۇف قەرزاۋى.

- «ئىسلام ئەقىدىسلىرى» مۇھەممەد يۇسۇپ قارىم.
- «مۆمىنىنىڭ ئەقىدىسى» ئەبۇ بەكر جەزائىرى.
- «دىن ۋە ھايات» مۇھەممەد يۇسۇف.
- تەۋھىد كىتابى، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب.

## تۆتىنچى دەرس: ئەھكام ۋە فىقھى ئۇسۇلى

*(ئا) شەرىئەت ئەھكاملىرى*

▼ ***كۆزلەنگەن مەقسەت:***

- ***تۆۋەندىكى ئەھكاملارنى ئۆگىنىش:***

1. نەسەب، پەرزەنت بېقىش ۋە ئېمىتىش ئەھكاملىرى.
2. مىيىت ئەھكاملىرى.
3. يېمەك ـ ئىچمەك ۋە مال بوغۇزلاش ئەھكاملىرى.
4. قەسەم ۋە ئاتاپ نەزىر قىلىش ئەھكاملىرى.
5. ئىلىم ـ سىتىم، جازانە، قەرز ۋە رەنە ئەھكاملىرى.
6. ھازىرقى زاماندا كۆپ ئۇچرايدىغان ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ئەھكاملىرى.

▼ ***پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:***

- «ئىسلامدا تىجارەت رەھبىرى» تەكلىماكان نەشرىياتى.
- «ئىسلامدا ھالال ۋە ھارام» يۇسۇف قەرزاۋى.
- «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» مۇھەممەد يۇسۇف.

- «پەتىۋالار توپلىمى» دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ
- «ئەھكام ئايەتلىرىدىن تەپسىرلەر» مۇھەممەد ئەلى سابۇنى.

*(ب) فىقھى ئۇسۇلى*

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

1. فىقھى، فىقھى ئۇسۇلى ۋە فىقھى قائىدىلىرىنى ئىگەللەش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەرنى بىلىش.
2. مەزھەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى ۋە سەۋەبلىرىنى ئۆگىنىش.
3. فىقھى مەزھەپ پېشىۋالىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- «ئىسلام قانۇنشۇناسلىق تارىخى» مەننائۇلقەتتان.
- «مەشھۇر ئىماملارنى ئەيىبلىمەسلىك» ئىمام ئىبنى تەيمىيە.
- «دىن ۋە ھايات» مۇھەممەد يۇسۇف
- **الوجيز في شرح القواعد الفقهية في الشريعة الإسلامية، د. عبد الكريم زيدان**
- فىقھى ئۇسۇلى ھەققىدە يېزىلغان بىرەر كىتاب.

## بەشىنچى دەرس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە سالىھلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- تۆۋەندىكى تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى تەتقىق قىلىش.

1. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسلامغا كىرىشى.
2. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسلامغا كىرىشى.
3. ھەبەشىستانغا قىلىنغان ئىككى ھىجرەت.
4. مەدىنىگە قىلىنغان ھىجرەت.
5. مەدىنىدە مەسجىد بىنا قىلىش.
6. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىسلامىي قېرىنداشلىق ئورنىتىلىشى.
7. بەدر جېڭى، ئۇھۇد جېڭى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تۆھمەت چاپلىنىش ۋەقەسى، ھۇدەيبىيە كېلىشىمى، تەبۇك جېڭى.
8. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى.

- ساھابىلەرنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش.

1. ئەبۇ بەكر، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن ئىبارەت تۆت خەلىپىنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئىش - ئىزلىرىنى ئۆگىنىش.
2. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، سەئد ئىبنى مۇئاز، ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىر ئىبنى جەرراھ، ئائىشە، سالىم، ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب، بىلال ئىبنى رەباھ، سەلمان فارىسى، سۇمەييە، سۇھەيب رۇمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار.
3. ئۇيغۇر تارىخىدا ئىز قالدۇرغان مەشھۇر شەخسلەردىن بىر قانچىسىنىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇش.

### ▼ **پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:**

- «تۆت خەلىپە» مەھمۇد شاكىر.

- «پەيغەمبەر ئەتراپىدىكى ئەزىمەتلەر» خالىد مۇھەممەد خالىد.
- «ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانما» ئابدۇرراھمان رافەت باشا.
- «شېرىن بۇلاق» سەفىييۇررەھمان مۇبارەكفۇرى.
- «ئايال ساھابىلەر»
- «ئاھ بىزمۇ مۇسۇلمانمۇ؟» شەمسى نەۋىد ئوسمان.
- باشقا مۇناسىپ ماتېرىياللار.
- «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» (رومان، سەيپىدىن ئەزىزى)
- «ئويغانغان زېمىن» (رومان، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)
- «ئىز» (رومان، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)
- «ئانا يۇرت» (رومان، زوردۇن سابىر) مەزكۇر ئۇيغۇرچە رومانلار ئىدىيە ۋە پىكىر قوبۇل قىلىش نۇقتىسىدىن ئەمەس، پەقەت تارىخىي ئەسلىمە سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ.

## ئالتىنچى دەرس: مۇسۇلمان جامائەتلەر

### ▼ *كۆزلەنگەن مەقسەت:*

◄ تۆۋەندىكى جامائەت ۋە پىكرى ئېقىملار ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولۇش:

1. شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب ۋە سەلەپى ئېقىم ئىدىيىسى.
2. ئىسلاھاتتا ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇش.

3. تەبلىغ جامائىتىنىڭ پىكىر - قاراشلىرى.
4. شەيخ بەدىيئۇززامان سەئىد نۇرسىنىڭ پىكىر - قاراشلىرى.
5. «مىللى گۆرۈش» ئىددىيىسى ۋە تۈركىيە تەجرىبىسى.
6. شەيخ تەقىيۇددىن نەبھانىنىڭ پىكىر - قاراشلىرى ۋە ھىزبۇتتەھرىر.
7. تەكپىر ۋە ھىجرەت جامائىتىنىڭ پىكىر - قاراشلىرى.
8. جىھادىي جامائەتلەرنىڭ پىكىر - قاراشلىرى.

▼ ***پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:***

- «ئىسلام دەۋىتى شەرئى پەرز ۋە ئىنسانىي زۆرۈرىيەت» سادىق ئەمىن.
- «الموسوعة الميسرة في الأديان والمذاهب والأحزاب المعاصرة»
- كتاب أطلس الفرق والمذاهب الإسلامية – شوقي ابو خليل
- تور بەتلەردىن مۇناسىپ ماتېرىياللار تاللاپ ئوقۇلىدۇ.

## يەتتىنچى دەرس: ئىسلام تارىخى

▼ ***كۆزلەنگەن مەقسەت:***

- قالاق ياۋروپانىڭ گۈللىنىشگە تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر؟
- ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئارقىغا چېكىنىشىدىكى سەۋەبلەر؟
- ياۋروپا جاھانگىرلىكى.

▼ ***پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:***

- «مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى» ئەبۇلھەسەن نەدەۋى.
- «مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدى؟» ئەمىر شەكىب ئارسلان.
- ھەسەنۇل بەننانىڭ «رىساللەر مەجمۇئەسى» دىن (تونۇ-گۈن بىلەن بوگۈن ئارىسىدا) ناملىق رىسالىسى.
- «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» مۇھەممەد قۇتۇب.

## سەككىزىنچى دەرس: دەۋەت چۈشەنچىسى

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- ھىممەت ئېگى يېتىلدۈرۈش.
- سەزگۈرلۈك ۋە ئەستايىدىللىق ئېگى يېتىلدۈرۈش.
- رەھبەرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىش.
- «قۇرئان كەرىم بايرىقى ئاستىدا» ۋە «دەۋىتىمىز يېڭى دەۋردە» ناملىق ئىككى رىسالىنى ئۆزلەشتۈرۈش.
- ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاسا-سىي قائىدە - يوسۇنلىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىش.
- ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئاساسىي قا-ئىدە - يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىش.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- «رىسالىلەر مەجمۇئەسى» ئىمام ھەسەنۇل بەننا.
- «مۇسۇلمان ياشلارنىڭ مەجبۇرىيىتى» مەجدى ھىلالى.
- «تەلەپ قىلىنىۋاتقان غالىب ئەۋلاتلار» يۇسۇف قەرزاۋى.
- «دەۋەت ئاساسلىرى» مەجدى ھىلالى.
- «دەۋەت قائىدە ـ يوسۇنلىرى» ھۇمام سەئىد.

## توققۇزىنچى دەرس: تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرى

### ▼ *كۆزلەنگەن مەقسەت:*

- تۆۋەندىكى تېمىلار ھەققىدە ئاڭ يېتىلدۈرۈش:
  1. تەشكىللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى.
  2. تەشكىللىنىشنىڭ شەرئىيلىكى.
  3. تەشكىللىنىشنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى.
- جەمئىيەت ياكى مۇئەسسەسە قۇرۇش ئۇسۇللىرى ۋە باسقۇچلىرى.
- مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىۋاتقان ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رولى، جايلاشقان ئورۇنلىرى ۋە ئىدارە قىلىنىش ئۇسۇلى.
- ئىسلامىي مەكتەپلەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە جايلاشقان ئورۇنلىرى، بارلىققا كېلىش باسقۇچلىرى ۋە ئىدارە قىلىنىش شەكلى.
- ۋەتىنىمىزدىكى ئىسلامىي مەدرىسلەر ۋە مۇئەسسەسەلەرنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى.

### ▼ *پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:*

- «ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتى» (مۇھەممەد قۇتۇب)

- ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە تۈزۈلگەن مائارىپ تەزكىرىلىرى
- مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار تېپىپ ئوقۇلىدۇ.

## ئونىنچى دەرس: ئىسلامىي ئاڭ – پىكىر يېتىلدۈرۈش

▼ ***كۆزلەنگەن مەقسەت:***

- ئىسلام پىكرىدىكى تۇراقلىق مەسىلىلەر بىلەن ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەرنى ۋە كونىلىق بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلىش.
- ئەقىل بىلەن ۋەھيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىش.
- ئىسلام ئىسلاھات نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش.
- ئىسلامىي خىزمەتتىكى بىرلىك ۋە پرىنسىپاللىق چۈشەنچىسىنى ئېنىق بىلىش.
- ياۋروپا چىركاۋ تارىخىدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي توقۇنۇش.
- فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى.
- ياۋروپا نېمە ئۈچۈن ئىلمانىزمنى تاللىدى؟ ئىلمانىزمنىڭ ئۇقۇمى نېمە؟ ئىلمانىزمنىڭ پىكىر ساھەسىگە قالدۇرغان تەسىرلىرى نېمە؟

▼ ***پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:***

- «ئىسلامىي ھەرىكەت تەسەۋۋۇرىنىڭ پرىنسىپلىرى» فەتھى يەكەن.

- «ئىسلامىي خىزمەت ھەققىدە ئوقۇشلۇق» سەئىد ھەۋۋا.
- ئالاقىدار ماتېرىياللار.

## ئون بىرىنچى دەرس: سىياسىي ئاڭ يېتىلدۈرۈش

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

- ئىسلامدا دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشى.
- ئىسلامدا ھاكىمىيەت مەسىلىسى.
- ئىسلامدا كېڭەش.
- ئىسلامدا دۆلەت رەئىسى ۋە باشقا ھاكىملارنى تاللاش، سايلاش ۋە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش تۈزۈمى.
- ئىسلامدا ئىتائەت.
- ئىسلام ۋە دېموكراتىيە تۈزۈمى.
- ئىسلام سىياسىي تۈزۈلمىسىدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت.
- ئىسلامدا جىھاد.

### ▼ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- «ئىسلامدىكى سىياسىي تۈزۈم» ئەبۇ فارىس.
- فقه الجهاد، القرضاوي.
- الأحكام السلطانية، للماوردي.
- مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار.

## ئون ئىككىنچى دەرس: كەلگۈسى ئىستراتېگىيە

### ▼ كۆزلەنگەن مەقسەت:

◄ ئىسلامدا ئىستراتېگىيەنىڭ ئورنى، ئىستراتېگىيىلىك پىلان تۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ساۋاتقا ئىگە بولۇش.

▼ **پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:**

- مۇشۇ ھەقتە مۇناسىپ ماتېرىياللار تاللاپ ئوقۇلىدۇ.
- «ئىسلامىي ھەرىكەت تەسەۋۋۇرىنىڭ پرىنسىپلىرى» فەتھى يەكەن.
- «جند الله تخطيطا» سعيد حوى.
- «المنهج الحركى للسيرة النبويه» منير الغضبان.

## ئون ئۈچىنچى دەرس: ئاخبارات ئىشقى يېتىلدۈرۈش

▼ **كۆزلەنگەن مەقسەت:**

- غەرب ئەللىرىنىڭ تەشۋىقات پەلسەپەسىنى چۈشىنىش.
- ئاخباراتنىكى تەتۈر تەشۋىقات ھەققىدە تولۇق مەلۇماتلىق بولۇش.

▼ **پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:**

◄ مۇشۇ ھەقتە مۇناسىپ ماتېرىيال تاللاپ ئوقۇلىدۇ.

## ئون تۆتىنچى دەرس: ئىبادەتلەرنى توغرا ئادا قىلىشنىڭ ئەمەلىي پىروگراممىسى

- بامدات نامىزى ئۈچۈن سەھەر ئويغىنىش.

- ئىمكانىقەدەر بەش نامازنى مەسجىدتە ئوقۇش.
- نامازنى ئاللاھتىن ھەقىقىي قورققان ھالدا ئوقۇش.
- ئاز دېگەندە ھەپتىدە بىر كۈن روزا تۇتۇش.
- شارائىت يار بەرگەن ھامان ھەج - ئۆمرىنى ئادا قىلىشقا ئالدىراش.
- ئاز دېگەندە ئايدا بىر قېتىم كېچىلىك تەھەججۇت نامىزى ئوقۇش.
- سۈننەت دەرىجىلىك ئىبادەتلەرنى قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش.
- ئاز دېگەندە قۇرئان كەرىمنى ئىككى ئايدا بىر قېتىم خەتمە قىلىش.
- ئاز بولسىمۇ داۋاملىق سەدىقە قىلىپ تۇرۇش.
- قىيىن ئەھۋال، غەم - قايغۇلۇق كۈنلەرنى ناماز ۋە قۇرئان ئوقۇش ئارقىلىق يېنىكلىتىش.

## ئون بەشىنچى دەرس: گۈزەل ئەخلاق ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلىي پىروگىراممىسى

◄ ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بۇ پىروگىراممىنى ئۈچ تارماققا بۆلدۇق:

1. نەپسنى پاكلاشپىروگىراممىسى.
2. مۇئامىلە پىروگىراممىسى.
3. مۇسۇلمان شەخس يېتىلدۈرۈش پىروگىراممىسى.

***1 - نەپسنى پاكلاشپىروگىراممىسى:***

- ھەر دائىم نىيەتنى رۇس ۋە ساپ قىلىش.
- پەرز ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىغاندا روھنى پاكلاشنى مەقسەت قىلىش.
- ئىمكانقەدەر قۇرئان يادلاشقا تىرىشىش، ئاز دېگەندە مۇشۇ پىروگراممىدا كۆرسىتىلگەننى بولسىمۇ يادلاش.
- ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلىش.
- ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراش.
- كوللېكتىپ خىزمەت قىلىش ئەخلاقىغا ئادەتلىنىپ، ئىسلامچە سالاھىيەت يېتىلدۈرۈش.
- ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش ۋە سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش.
- سۈرە فاتىھەدىكى «رەببىمىز! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» دېگەن ئايەتنىڭ تۈۋەندىكى مەرتىۋىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن - كەلتۈرمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ بېقىش: (بەسىرەت)، (مۇھاسەبە)، (تەۋبە)، (ئىنابە)، (تەزەككۇر)، (خۇشۇ)، (ئىئتىسام)، (خەۋپ)، (رەجا)، (تەبەتتۇل)، (مۇراقەبە)، (ئىخلاس)، (تەۋەككۇل)، (ئىشەنچ)، (سەۋر).

*2 - مۇئامىلە پىروگراممىسى:*

**ئائىلىدە:**

- ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە پەرزەنتلىك بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىش.
- ئەر - خوتۇن ھەر ئىككى تەرەپ تۇرمۇشتىكى ئىسلام كۆر- سەتكەن مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش.

- ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا ياردەملىشىش.
- ھەپتىدە بىر كۈن ئائىلە ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىش.
- قېرىنداشلىرى بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىدە:
- تەربىيىلىگۈچىنى ئۆز ئاتىسى ۋە ئاكىسىنىڭ ئورنىدا كۆرۈش.
- قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە قېرىنداشلىرىغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىش.
- قېرىنداشلىرى كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ قويسا كەڭ قورساقلىق بىلەن قوبۇل قىلىش.
